ISSN 1004－1745

- ئۈزلىنىش ، سىناق ، يېڭىلىق
- ئېزىتقۇ سۆيگۈ
- قىسقا ھېكايىلەر
- نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن





# تەڭرىتاغ

2
1994

LANGRITAG



قار گۈلى

ئالىم خالىدىن فوتوسى

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللى ئۇسلۇب

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال 1994-يىل 2-سان


## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر


ئېزىتقۇ سۆيگۈ ........ ئەنۋەر رەھىم 1

قىسقا ھېكايىلەر ........ توختى ئايۇپ 37

مامۇت مەتۇ ........ تۇرسۇنتاي ھۇسەيىن 46

ئىلتىجا ........ ئەخمەت تۆمۈر 61

دۇدۇقلاش ........ قۇربان توختى 72

ھەقىقى تاتلىق ........ ئوسمان ھوشۇر 94


### شېئىرلار


شېئىرلار ........ نۇرمۇھەممەت سايىم 40

سۆكۈتسىز نەپەسلەر ........ ئابدۇللا سۇلايمان 41

ئىككى شېئىر ........ ئىمىنجان كېرىم 43

ئاخشىمى ........ ھۇسەيىن ئىمىن ھاجى 43

شېئىرلار ........ ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 44

ئىككى غەزەل ........ ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت دولانى 44

چىقمىدى ........ مۇھەممەت قېيۇم 45


### مىكرو ماقالىلەر


«قىرچىنتال» ھېكايىسى توغرىسىدا ........ گۈلشەن نىياز 81

## ئىزلىنىش، سىناق، پىششىقلىق

ئەسقەر ياسىن، ئەسقەر داۋۇت، مەمەت ئابلاباقى، ئەھمەت داۋۇت، ئابلەت ئابدۇرشىت، شىرئەلى مامۇت، بۇخەلچە ئەمەت، ئابدۇراخمان توختى، خالىدەم كەنجى، پاشاگۈل ئىسمايىل، غەنىمەت قادىر، ياسىنجان ئەرشىدىن، ئابلىز ئوسمان، جاسارەت .................. 53

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

پرودھوم شېئىر ۋە نەسىرلىرىدىن ..................ئەركىن نۇر تەرجىمىسى 84

## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرىلەر

ئىككى ھېكايە .................................. ھېمىڭۋاي 95

## ئەدەبىي ئاخبارات

پۇل، يول، گۈزەل ئارزۇلار ........................تۇنىياز ئىمىن 27

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

مېڭ خاۋرەن شېئىرلىرىدىن .................. ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى 104

## تەرمىلەر

تەرمىلەر ............................................ 107

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ...................................... 109


مۇقاۋا 1- بەتتە: داڭلىق سەيلىگاھ - كۇچار چوڭ كۆلى. ئالىم خالىدىن فوتوسى

بۇ ساندىكى ھېكايىلارنىڭ قىستۇرما سۈرەتلىرىنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا رېقىپ

مەسئۇل مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن

مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# ئىزتقۇ سۆيگۈ

(ھېكايە)



ئەنۋەر رەھىم



1

گۈلرو ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە يان تەرەپتىكى دەرەخلىقتىن بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلرونىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا قىلاتتى.

— گۈلرو!

گۈلرونىڭ نەپىسى جىددىيلەشتى. بىر خىل سىرلىق ئەندىشە، چۈشىنىكسىز قورقۇنچ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ كېتىشنى، يا چاقىرغان تەرەپكە بېرىشنى بىلمەي، تېڭىرقىغان ھالدا ھەيكەلدەك بىرھازاغىچە تۇرۇپلا قالدى.

— ياخشىمۇ سىز گۈلرو؟

گۈلرو چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا سەردار كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز، خىزمىتىڭىز بەك ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟

شۇئان گۈلرونىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئېلىپ، ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. نېمدەپ جاۋاب بېرىشنى، توغرىسى نېمدەپ ئەھۋال

سوراشنى بىلمەيتتى. قەلبىنى بىر خىل بىئاراملىق چۇلغىۋالغانىدى.

نېمىشقىدۇر سەردارمۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ گۈلروغا يېقىنراق كېلىپ:

— كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچىم پۇشۇپ مېھمانخانىنى ئايلىنىپ چىقاي دەپ ... — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن خېلىلا ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى، جىددىيلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئوبدان بوپتۇ، مېھمانخانا جىق ئۆزگىرىپ كەتتى. يېڭى بىنالار سېلىندى، مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلدى، گۈللۈكلەر كۆپەيدى، — دېدى گۈلرو بىرئاز ئەسلىگە كېلىپ.

— بىرگە ئايلىنىپ چىقساق قانداق؟

— كەچۈرۈڭ، مەن بارالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— مەن ... مەن مېھمانلارنىڭ قېشىغا بېرىشىم كېرەك.

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى.

سەردار گۈلروغا يېقىنلاشتى. تۇرقىدىن ئۆزىگە بەك ئىشىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما تەلەپپۇزىدىن بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

گۈلرو بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتتا سەردارغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى رېتىمسىز دۇپۇلدەيتتى. قاتتىق تەڭقىسلىق، ئارسالدىلىق، سىرلىق ئەندىشە ئۇنى قىينايتتى، قېچىپ كەتمەكچى بولاتتى، يەنە قانداقتۇر ئۈمىدلىنەتتى، گۇمانلىناتتى. قىزلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئاجىزلىق بولامدىكىن ياكى ... ئىشقىلىپ ئۇ يەنە سەردارغا نىسبەتەن قانداقتۇر بىر سىرنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئاي ۋە كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىر قىزىرىپ، بىر ئاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەمما سەردار بۇلارغا دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى، ئارزۇلىرىنى ئەمدى بۈگۈندىن قالدۇرماي، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي گۈلروغا دەۋېلىشتىلا ئىدى.

— گۈلرو، مەن سىزگە ئېيتسام، مېنىڭ قەلبىمدە ئۇزۇندىن بۇيان شېرىن بىر ئارزۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. مەن بۈگۈن مەڭگۈلۈك بەختىمنىڭ كاپالىتى بولغان ئاشۇ گۈزەل ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم، سىز مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز؟

گۈلرو چۆچۈگەندەك بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىدىن مۇرەككەپ ھېسسىيات روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— گۈلرو، — دېدى سەردار ئېھتىيات بىلەن قىزنىڭ ئوتتەك قىزىپ ياپراقتەك تىترەۋاتقان نازۇك بارماقلىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، — چىن مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلامسىز؟

— ياق، ياق! — گۈلرو خۇددى قوقاسقا يولۇققاندەك قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى.

سەردار گويا يۈزىگە بىر كاچات تەگكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ گۈلرونىڭ ئۆزىگە بۇنداق جاۋاب بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— نېمىشقا ياق دەيسىز؟ زادى نېمىشقا؟!...

گۈلرو سۈر بېسىپ تۇرۇپ قالدى، ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. لەۋلىرى تىترەيتتى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى، قەلبىدە ھەسرەت بورىنى ھۆۋلايتتى. يۈزى گاھ قىزىرىپ، گاھ تاتىراتتى، كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، يۈرىكى مۇجۇلۇپ كېتىۋاتاتتى... شۇ تاپتا ئۇ ئادەمسىز، خالىي، يالغۇزلۇقنى خالايتتى. ئۇ ياتىقىغا قايتماقچى بولدى. ماغدۇرسىزلانغان ئېغىر قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكىدى.

— گۈلرو نەگە بارىسىز؟ — دېدى سەردار قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — نېمىشقا ياق دەيسىز؟ مېنى ياقتۇرمامسىز-يە؟!

— ھە... ئە، ياقتۇرمايمەن! ياقتۇرمايمەن!

گۈلرونىڭ يۈرەك-باغرىنى پارە-پارە قىلىپ چىققان بۇ سۆز سەردارنىڭ ھاياجان ئىلكىدە سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانچىلدى.

گۈلرو ئالدىنى توسۇۋالغان سەردارنى بىردىن ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇقتەك ئېتىلغانچە ياتىقى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

## 2

سەردار روھى چۈشكەن ھالدا ھويلىسىدىكى گۈللۈك يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى گۈللۈكتىكى بىر تال گۈلگە، ياق، ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. سىرتتا ئاپتوموبىل ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قاسىمكا خۇش كەيپ ھالدا كىرىپ كەلدى:

— ۋۇي ئوغلۇم، تېخىچە ئۇخلىماپسىزغۇ؟ «بوستان» مېھمانخانىسىغا بىر ئىش بىلەن بارغانىمدىڭىز؟

سەردار خىيالدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا قارىدى-يۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇۋەردى. قاسىمكا بۈگۈن خۇشاللىقتا كۆپرەك ئىچىپ قويغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇقنى سەزمەي قالمىدى. ئۇ، سەردارنىڭ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ ئالدىراش چىقىپ كەتكەن چاغدىكى كەيپىياتىدىن ئوغلىنىڭ قايسىبىر قىزنى ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. مانا ئەمدى سەردارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن مۇشۇنداق پەيتتە، مۇشۇنداق ھالەتتە ئوغلىغا نېمە دېيەلىسۇن، ئۇنىڭ كەسكىن، تەلەپچان، تەمكىن مىجەزىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوغلىنىڭ مەيلى قانداقلىكى زەربىگە ئۇچرىمىسۇن بۇنداق بوشىشىپ كېتىشتەك يارىماسلىقىغا قاتتىق غەزىپى قوزغالغان بولسا، كۆيۈمچان، ئەپۇچان ئاتىلىق قەلبى سەردارغا ھېسداشلىق قىلىشقا، ئىچ ئاغرىتىشقا، تەسەللى بېرىشكە ئۈندەيتتى. قاسىمكا ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىككى قېتىم

شورىغاندىن كېيىن يېنىك بىر تىندى:

— ھە راست ئوغلۇم، ۋىلايەتتىكى باشلىقلار سىزنىڭ چوڭ شەھەردە ئېلىپ قالىمىز دېسمۇ ئۇنىماي يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇقۇپ ماختىشىپ كېتىشتى. بىر نەچچە ئىدارە سىزنى تالىشىۋاتىدۇ. ھەممىسى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمىز دەۋاتىدۇ، خىزمەت ۋە باشقا ئىشلىرىڭىزدىن قىلچىلىك غەم قىلماڭ، ھەممە ئىشىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمىز. نەچچە يىلدىن ئوقۇيمەن دەپ چارچىدىڭىز، بىر-ئىككى ئاي ياخشى دەم ئېلىڭ. قېنى ئوبدان ئوغلۇم، ۋاقتىدا ئۇخلاڭ.

سەردار ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. قاسىمكا ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. سەردارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە گۈلرونىڭ مېھمانخانىدا ئېيتقان سۆزلىرى تەكرارلىنىۋاتقاندەك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىئاراملىق چۇلغىۋالدى.

— ياقتۇرمايمەن، ياقتۇرمايمەن ...

سەردار ئېغىر ئۇھ تارتتى. كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى. ئۇ گۈلروغا نەقەدەر ئىشەنگەنىدى-ھە!؟ ئەجەبا، ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالدىمكىنە؟! ياق، مەن ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بىراق نېمىشقا مۇھەببىتىمنى رەت قىلدۇ؟ ئۇ باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ-يە؟ ...

بەلكىم ئۇ يات ئارىدا توي قىلار. ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىچە قولتۇقلىشىپ يۈرسە سەردار بۇنداق ئازابقا، بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرالارمۇ؟ گۈلرونى ئۇنتۇش، ئۇلارنى كۆرمەسلىك، ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق گەپ-سۆز ئاڭلىماسلىق، دەرد-ئەلەمدىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ گۈلرونى دەپلا بۇ يۇرتقا كەلگەن ئىدىغۇ؟... مانا ئەمدى گۈلرو ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بىراق ئۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟ نېمىشقا مەن مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا يىغلايدۇ؟! ...

## 3

گۈلرو سەرداردىن ئايرىلىپ يوگۇرگىنىچە ياتىقىغا كىرىپلا ئايىغىنىمۇ سالماستىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى زەھەردەك ئېچىشتۇرۇۋاتقان ھەسرەتكە، ئۆكۈنۈش-پۇشايمانغا، غەزەپ-نەپرەتكە ئوخشاش تۇيغۇلار تاشقىنىدەك يامراپ ياشقا ئايلىنىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

«تاك-تاك-تاك» . كۈتۈلمىگەندە ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشىدىن گۈلرو چۆچۈپ كەتتى. دەرھال ئىشىككە قارىدى، ئىشىك تاقاقلىق ئىدى. گۈلرو ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشتى.

«تاك-تاك-تاك» . ئىشىك يەنە ئۈچ قېتىم چېكىلدى. گۈلرو جىددىي سوقۇۋاتقان

يۈرىكىنىڭ كۆكرەك قەپەزىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى چىڭ بېسىۋالدى. يەنە ئۈچ قېتىم ... گۈلرو نەپەس ئالالماي قالدى. ئىشىك چەككۈچى ئۆي ئىچىدە چىراغنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىدىن گۈلرونى بار دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۇ ئىشىكنى چېكىشتىن توختاپ بوش ئاۋازدا:

— گۈلرو، شۇنچە بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدىڭىزما؟ مەن سىز دېگەن پۇلنى ئەكەلگەندىم، — دېدى.

گۈلرونىڭ سولغۇن چىرايىدا ئازراق مەمنۇنىيەت شولىسى جىلۋە قىلدى. ئۇ ئىشىك چەككۈچىنىڭ ئەركىن بازاردا دۇكان ئاچىدىغان ياش تىجارەتچى قېيۇم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما گۈلرو يەنىلا ئۈن-تىن چىقارماي ئولتۇرىۋەردى. ئازراق جىملىقتىن كېيىن قېيۇمنىڭ يېنىك ئۇھ تارتقان ئاۋازى ۋە يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. گۈلرومۇ ئۇھ دېگىنىچە خۇددى يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك گەۋدىسىنى رۇسلاپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىگە، مەيدىسىگە چۈشۈپ، شۇنچە ئىللىق، نازاكەتلىك، ساھىبجامال قىزنى ئاجايىپ قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۇ ئىشىك ئىلمىكىنى ئېلىپ قويۇپ كارىۋاتقا كېلىپ ئوڭدىسىغا ياتتى-دە، ئىختىيارسىز ھالدا قېيۇمنىڭ بوي-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا نەچچە كۈندىن بۇيانقى جىددىي خىزمەتنىڭ ھاردۇقى بۈگۈن بىراقلا يېغىلىپ كەلگەندەك پىكىر-خىيالى ئاستا-ئاستا غۇۋالاشتى. بىراق ئەمدىلا ئۇيقۇ مەستخۇشلۇقىدا كۆزلىرى يۇمۇلۇشىغا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك ئىشىك يەنە چېكىلدى.

قانداق گەپ بۇ؟ گۈلرو ئاچچىق بىلەن ئىشىككە قارىدى. ئىشىك تاقاق بولغاچقا كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى-دە، ئاۋاز چىقارماي كۆزىنى يۇمۇپ يېتىۋەردى. بۇ قېتىم ئىشىك چەككۈچى شەھەرلىك ھاراق-كونسېرۋا زاۋۇتى تەڭشەش سېخىنىڭ تېخنىكى ساتتار ئىدى. ساتتار ئىشىكنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق چەككەندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئىشىكنى تاقققىدە بىرنى تېپىپ بىزنىملەرنى دەپ غودۇڭشۇغىنىچە كېتىپ قالدى. گۈلرو ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ۋە كونسېرۋا قۇتىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشىدىن چىققان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ساتتار ھەر قېتىم شەھەردىكى ئۆيىگە كەلگەندە، گۈلروغا ھەر خىل كونسېرۋالاردىن ئالغاچ كېلەتتى.

گۈلرو ساتتار بىلەن «بوستان» مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق تانسىدا تونۇشۇپ قالغانىدى. گۈلرو ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرىنى تولىمۇ ياقتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىزىق چاقچاقلىرى ئېسىگە كەلگەندەك ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى-يۇ، يەنە شۇئان قوشۇمىسى تۈرۈلدى. چۈنكى يەنە ئىشىك چېكىلگەنىدى.

— گۈلرو، گۈلرو، ئىشىكنى ئېچىڭ، مەن ئەكبەر.

گۈلرونىڭ بىردىنلا كەيپى ئۇچتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى ياستۇقنى تارتىپ چۈشۈرۈپ بېشىنى چۈمكەپ يېتىۋالدى.

— ۋۆي گۈلرو، ئاڭلاۋاتامسىز؟ نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايسىز؟ مەيلى ئەمىسە ئەتە سۆزلىشەيلى. — ئەكبەر شۇنداق دېگىنىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەكبەر گۆلرو بىلەن بىر ئىدارىدە بولۇپ ساياھەت ماشىنىسى ھەيدەيتتى. گۆلرو چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۇياق-بۇياققا ئاپىرىشتا كۆپ ھاللاردا ئەكبەرنىڭ ماشىنىسىغا توغرا كېلىپ قالاتتى. ئەكبەر دائىم قىزىقچىلىق قىلمەن دەپ ھەر خىل «يۇمۇر» ، «لەتىپە» لەرنى گۆلروغا سۆزلەپ بېرىشكە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئانچە قىزىقارلىق بولمىسىمۇ گۆلرو ناھايىتى ئەستايىدىل بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئەكبەر يەنە ھەرقانداق ئىشنى، ھەتتا لايىقى بىلەن بولغان ئىشلارنىمۇ گۆلروغا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرەتتى، مەسلىھەت سورايتتى. بەلكىم ئۇ بۈگۈنمۇ...

ھەي، ئىشكنى ئېچىپ بەرسەمۇ بوپتىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. گۆلرو ئەكبەر كېتىپ بىرئاز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بەلكىم مۇھىم گېپى بولغىيتى، «دادام توي قىلىشقا قىستاۋاتىدۇ» دەۋاتاتتى. گۆلرو مەيۈس ھالدا يېنىك بىر تىنىدى. ئەمدى مەنمۇ تېزرەك توي قىلىشىم كېرەك! بىراق، كىم بىلەن توي قىلىمەن؟ ساتتار بىلەنمۇ؟ قېيۇم بىلەنمۇ؟ ئەكبەر بىلەنمۇ ياكى سەردار بىلەنمۇ؟... ئېپپىتى يوقالغان مەندەك بىر ناپاك قىزنى كىممۇ ئالسۇن؟ ...

ئۇنىسىز قۇيۇلۇۋاتقان شەبنەمدەك ياش تامچىسى گۆلرونىڭ مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈپ ئۇستۇنكى لېۋىنىڭ ئۇستىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا سەردارنىڭ ئوبرازى نامايان بولغانىدى. ئۇ ئەمدى سەردارنى قەلبىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. گۆلرونىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە ئۇنىڭ سۆيگۈ سۆزلىرى تەكرار-تەكرار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئاھ ، بۇ ئاۋاز، بۇ سۆزلەر نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن شېرىن، نېمىدېگەن يالقۇنلۇق-ھە!؟

گۆلرو ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا ئاشۇ سۆزلەرنى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ سۆزلەرنى ئاڭلاشنى، پەقەت سەردارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان، تەشنا-تەقەززالىق بىلەن ئۇزاق كۈتكەن ئەمەسمىدى؟

مانا ئەمدى ئۇ ئاخىر سەردارنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان سۆيگۈ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. سەردارنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى، ئىشەندى. گۆلرو ئەسلى شادلانسا، سۆيۈنسە، پەخىرلەنسە، سەردارنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتسا بولاتتىغۇ!؟...

گۆلرو ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ھازىدارنىڭ يىغىسىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى. بىراق كىممۇ ئۇنىڭ دەرد-ھالىغا يېتەلىسۇن!؟

## 4

قېيۇم دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كىيىملەرنى ئېسىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىرسى ئۇنىڭ دولىسىغا پاققىدە ئۇردى. قېيۇم چۆچۈپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ زەردە بىلەن چەكچەيگەن كۆزلىرى شۇئان ئۇتتەك چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ سىنچى كۆز بىلەن ئۇچراشتى.

— ھە، سەنمىدىڭ ساتتار؟ — ساتتارنىڭ چىرايىدا بىر خىل جىددىيلىك ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل تۈرۈلگەن ئىنچىكە، قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىكرەك كەلگەن كۆزلىرى بىر خىل ئۆچمەنلىك ئارىلاشقان گۇمانىي نەزەر بىلەن قېيۇمنى كۆزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھەر دائىم ھەممىدىن بۇرۇن سودا باشلايدىغان ئادەم ئەجەب بۈگۈن يەكشەنبە بولۇشىغا قارىماي كۆن چۈش بولغاندا دۇكىنىڭنى ئېچىۋاتىسەنغۇ؟ ئاخشام بىر يەرگە بارغان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق ئاغىنە، ئاخشام شەھىرىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالغانتىم دېگىنە، يېرىم كېچە بولغاندا نەدىن كەلگەن ئاشىقلاركىن، ئىشىكنى تولا چېكىپ ئارام بەرمەي، ئەتىگەندە ئۇخلاپ قاپتىمەن، شۇڭا كېچىكىپ قالدىم، — دېدى قېيۇم قاشلىرىنى ئويىنىتىپ ھەيبارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ساتتارنىڭ مۇرىلىرى سىلكىنىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. مۇشتلىرىنىڭ قانداقسىگە تۈگۈلۈپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

بۇ ئىككىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. بىراق، ئۇلار كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسا باش لىڭشىتىپلا ئۆتۈشۈپ كېتەتتى. كېيىن ھەر ئىككىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گۈلرو بىلەن تونۇشتى. گۈلرونىڭ سەۋەبى بىلەن ھەر خىل سورۇنلاردا بىللە بولدى. كۈلكە-چاقچاق، گەپ-سۆزلەردىن ئىككىسى قارشى تەرەپنىڭ گۈلرونى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشتى، بارا-بارا بىر-بىرىدىن قىزغىنىشقا باشلىدى. كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالغاندا قىزغىن سالاملىشىدىغان، بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان بولۇپ قېلىشتى. قىسقىسى، ئۇلاردا بەسلىشىش، رىقابەت باشلانغانىدى.

بۈگۈن ساتتارنىڭ قېيۇمنى ئىزدەپ كېلىشىدە ئۇ گەرچە گۈلرونىڭ قېيۇمغا قارىغاندا ئۆزىگە نىسبەتەن مايىللىقىغا ۋە گۈلرونىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىك قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن شۇنچە ئۇزاق ئارىلاشقىنىغا قارىماي، گۈلرونىڭ يا قېيۇمنى، يا ساتتارنى، يا باشقا ئاشىقلارنى تاللىماي، ھەممىسى ئەتراپىدا چۆگىلىتىپ يۈرگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلروغا نىسبەتەن بىر خىل شۈبھىلىك تۇيغۇ ھامان قارا بۇلۇتتەك لەيلەپ تۇراتتى. ئاخشام گۈلرو ئىشىكنى ئاچمىغاندا باشقا بىرسىنىڭ، بولۇپمۇ قېيۇمنىڭ ئۇنىڭ ياتىقىدا بار-يوقلۇقىدىن گۇمان قىلماي تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ باقماقچى ئىدى. بايا قېيۇمنىڭ ئەتەي ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى قېيۇمغا گەپ قىلىشقا تەمشىلىشىگە بىر توپ ياپونىيىلىك ساياھەتچىلەرنى باشلاپ گۈلرو ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ساتتار بىلەن قېيۇمنىڭ روھىي ھالىتىدە بىردىنلا ئۆزگىرىش بولدى. ئىككىيلەن تەڭلا دېگۈدەك ئاڭسىز ھالدا تۇرقى-قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتتى، چاچلىرىنى، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى.

— ياخشىمۇ سىلەر؟ — دېدى گۈلرو يىغا ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ، قىزىق ئىش، ئىككى يىگىت تەڭلا:

— تۈنۈگۈن كەچتە ئىشىكىڭىزنى... — دېدى-يۇ، بىر-بىرىگە قارىشىپ توختاپ قېلىشتى. ساتتار قېيۇمغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدىكى گۈلرو ھەققىدىكى گۇمان ئاللىقاياقلارغا تارقاپ كەتتى.

— ئاخشام ئىككىڭلارلا مېنى ئىزدەپ بېرىپتىكەنسىلەر-دە! ئىشىمىز ئالدىراش بولغاچقا، ياتاققا بەك كەچ قايتقانىدىم، — دېدى گۈلرو ئوڭايسىزلىق ئىچىدە يالغان ئېيتىپ.

— بۇگۇن ئاخشام ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ — دېدى قېيۇم.

— چۇشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئەتە ئەتىگەن سائەت ئونغىچە «ئەركىنلىككە» چىقىمەن. ئەمىسە كەچتە مېنىڭ ياتىقىمغا بېرىڭلار.

— مۇنداق ئىش ئىدى گۇلرو، — دېدى قېيۇم ساتتارغا قاراپ قويۇپ، — ياز يېزىسىدا مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇنۇڭغۇن ئۇرۇمچىدىن ئىككى-ئۈچ تەڭگە دېمەتلىك قىز-ئوغۇل نەۋرە تۇغقىنى كەپتۇ. بۇگۇن ئۇلارنىڭ شەرپىگە بەزمە ئويۇشتۇرۇپ بەرمەكچى ئىكەن. مېنمۇ يېقىن دوستلىرىڭنى ئېلىپ چوقۇم بارمىساڭ بولمايدۇ. بولمىسا بىز يېزىلىقلار چوڭ شەھەرلىكلەرنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالىمىز، دەپ قاتتىق تاپىلىغانىدى. شۇڭا بىللە بارايلىمكىن دېگەنىدىم.

— چاتاق يوق! سىزنىڭ دوستىڭىز بىزنىڭ دوستىمىز. ساتتار گىتارنى چالسا، سىز داپ چالسىڭىز، مەن كېپىنەكتەك ئۇسسۇل ئوينىسام، بەزمىنى شۇنداق قىزىتىۋېتىمىزكى، ھەممە مېھمانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ.

— بۇ بەك ياخشى بولغىدەك، بىراق شۇنچە يىراق يەرگە گىتارنى كۆتۈرۈپ نېمە قىلىمىز، — دېدى قېيۇم گۇلرونىڭ ئۇستىلىق بىلەن ساتتارنىمۇ بارسۇن دەۋالغىنىغا سەل نارازى بولۇپ.

— بۇنىڭدىن نېمە غەم قىلىسىز، ئەكبەرنىڭ ماشىنىسى بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى گۇلرو يەنىلا بايىقىدەك كۇلۇمسىرىگەن ھالدا ساتتار بىلەن قېيۇمغا قاراپ. قېيۇم بىلەن ساتتار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— خوش ئەمىسە! تۆت يېرىمدا سىلەرنى ياتىقىمدا كۈتىمەن، — گۇلرو شۇنداق دېگىنىچە ياپونلارنى باشلاپ قايناق بازار تەرەپكە ماڭدى.

ساتتار بىلەن قېيۇم گۇلرونىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ زىلۋا بويى، ياڭگىل مېڭىشلىرىغا مەستخۇش بولغان ھالدا قاراپ قېلىشتى. گۇلرو بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قاراپ تاتلىق كۇلۇمسىرەپ، قولىنى چىرايلىق پۇلاڭلاتتى. ساتتار بىلەن قېيۇم ئۇنىڭدىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. گۇلرو ئەمدى ئالدى تەرەپكە بۇرۇلۇشقا تەمشەلگىنىدە بىردىنلا يىگىرمە-ئوتتۇز قەدەم نېرىدا سەردارنىڭ ئۇياق-بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۆزىنى ئىختىيارسىز ياپونلارنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

ئەتىگەندە مېھمانخانىغا گۇلرونى ئىزدەپ بارغان سەردار ئەسلىدە ئۇنىڭ بازارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلگەنىدى. گۇلرو سەردارنىڭ ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلمايتتى. چۈنكى ئۇ سەردارنىڭ جاھىللىقىنى بىلەتتى. شۇڭا گۇلرو مېھمانلارنى تېز مېڭىشقا ئالدىراتتى، سەردار ئۇنى كۆرۈپ قالغىچە مېھمانلارنى باشلاپ بازاردىن ئىتتىك كېتىپ قالدى.

## 5

مېۋىلىك دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ھاۋاسى ساپ ئازادە باغ. باغ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭدىن كېلىۋاتقان جانغا راھەت مۇزدەك شامال ھەرقانداق كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇۋېتەتتى. مەشرەپ سورۇنى دەل شۇ ئېرىق بويىدىكى بوشلۇققا راسلانغانىدى.

بۈگۈنمۇ مەشرەپ قېيۇمنىڭ ئاغىنىسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دۇنيادا ئەڭ قىزىقان مەشرەپ بولدى. گۈلرو دېگىنىدەك ساتتار گىتار، قېيۇم داپ، شۇ يېزىلىق بىر يىگىت تەمبۇر چالدى. گۈلرو ئۇسسۇل ئوينىدى. ئوينىغاندىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ، شۇنداق گۈزەل، شۇنداق نەپىس، شۇنداق چىرايلىق ئوينىدىكى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمىدى. مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچىنىڭ مېھمانلىرىمۇ خۇشاللىقتىن ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشتى. مەھەللىدىكى قېرى-ياشلار ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلىشىپ كېلىۋالغاچقا باغ ئىچى ئادەمگە توشتى. بەزىلەر گۈلرونىڭ بېشىغا چاچقۇ چاچتى. قاتتىق ھاياجانلانغان ساتتارمۇ گىتارنى ئەكبەرگە بېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ توختىماي گۈلرونىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ چەبدەس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ھەر خىل ھەييارلىقلارنى قىلىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى. پەقەت قېيۇم بىلەن ئەكبەرلا باشقىلاردەك ئېچىلىپ كۈلەلمىدى.

مىللىي ئۇسسۇلدىن كېيىن ئۇنىڭغۇدا مۇزىكا قويۇلۇپ، يەرگە سېلىنغان تەگلىمات ئۈستىدە تانسا باشلاندى. ساتتار ئۇسسۇلدىن چۈشۈپ ئۆي ئىگىسىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ گۈلرونى تانسىغا تارتماي دەپ تەمشىلىشىگە، گۈلرو خىيالچان ئولتۇرغان قېيۇمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مېنى تانسىغا تارتمامسىز ئەپەندىم؟» دېگىنىچە، چەت ئەللىكنىڭ تانسىغا تارتىش ھەرىكىتىنى دوراپ قېيۇمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. قېيۇم دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلرو بىلەن تانسا ئوينىدى. ساتتار مېھمان قىز بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ قىزغا نېمە دېدىكىن، ئۇ قىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن بار ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ھەممەيلەنگە ئوخشاش قېيۇم بىلەن گۈلرومۇ ئۇلارغا قاراپ قويدى. بىراق گۈلرونىڭ قاراپ قويۇشى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ساتتار تانسا ئويناپ قېيۇم بىلەن گۈلرونىڭ قېشىغا كەلگەندە گۈلرونى تانسا ھەمراھىغا كۆرسىتىپ قايتا تونۇشتۇرۇپ گۈلرونى ماختاپلا كەتتى. قېيۇم ئاناردەك قىزىرىپ ساتتارنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان گۈلرونى باشقا تەرەپكە باشلاپ مېڭىشقا قائىدىسىزلىق ھېس قىلىپ ئۆز ئورنىدا مۇزىكىغا دەسسەپ تۇرۇۋەردى. شۇ تاپتا مۇزىكىنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ئىككىنچى قېتىم مۇزىكا باشلانغاندا ساتتار بىلەن ئەكبەر تەڭلا دېگۈدەك كېلىپ گۈلرونى تانسىغا تارتىپ قالدى. ئىككى يىگىت بىر-بىرىگە بىر ئاز قارىشىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئەكبەر ساتتارغا:

— قېنى ئاداش مەرھەمەت، — دېدى كەينىگە يېنىشقا تەمشىلىپ، ساتتار ئەكبەرگە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئەمدى گۈلروغا يۈزلىنىشىگە، گۈلرو ئەكبەرنى چاقىرىۋالدى:

— توختاڭ ئەكبەر، بۇ ئادىل بولمىدى، — گۈلرو شۇنداق دېگىنىچە قولىدا يېڭىلا

يەپ بولغان ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىنى كەينىگە قىلىپ ئاندىن ئىككى قولىنىڭ مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ ئىككى يىگىتكە ئۇزاتتى، نەتىجىدە يەنىلا ئەكبەر تاپالماي قالدى.

— كەچۈرۈڭ ئەكبەر، تەقدىر دائىم كىچىك ئىشلارنىمۇ ئادىل قىلمايدىكەن، مەن كېلەر قېتىم چوقۇم سىزنى ئۆزۈم تانسىغا تارتىمەن.

ساتتار بىلەن گۈلرو مەيدانغا چۈشۈپ ئەمدىلا بىر پىرقىرىشىغا، ئۆي ئىگىسىنىڭ زورلىشى ئارقىسىدا مېھمان قىز بىلەن تانسا ئويناۋاتقان قېيۇم ئۇلارغا سوقۇلۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭلار، بەك تېز ئايلانغاچقا بېشىم سەل قېيىپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئوڭايسىزلانغان مېھمان قىز.

— ھېچقەسى يوق، ئادەم كۆپ بولغاچقا ۋالىس ئوينىغاندا بۇنداق ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مەيدان تېخىمۇ كەڭرەك بولىدىغان بولسا قېيۇم دېگەن ۋالىسقا كارامەت چىرايلىق پىرقىرىۋېتىدۇ. باشتىن-ئاخىر پەقەتلا مۇزىكا رىتىمىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ... — گۈلرو ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي قېيۇمنى ماختاپلا كەتتى. قېيۇم تېخىمۇ چىرايلىق، سىپتا ئايلانغىلى تۇردى. ساتتار بولسا گۈلرو بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ يەنە ھەر خىل سۆزلەر بىلەن گۈلرونى كۈلدۈرۈشكە باشلىدى. گۈلرو كۈمۈش قوڭغۇراقتەك يېقىملىق كۈلگىنىچە پات-پات بىردە ئەكبەرگە، بىردە قېيۇمغا، بىردە ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قوياتتى.

بۇ مەشرەپتىمۇ گۈلرو ھەممە يىغىلىشلارغا ئوخشاش ھەممە ئادەمنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. يىگىتلەر بەس-بەس بىلەن ئۇنى تانسىغا تارتاتتى. ھەتتا ئۆز مەھەللىسىدىكى قىزلارنىمۇ تانسىغا تارتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، توغرىسى، تانسا ئويناشنى ئانچە بىلمەيدىغان يىگىتلەرمۇ گۈلرو بىلەن تانسا ئوينايتتى. گۈلرو ئۆزىنى تانسىغا تارتقانلىكى يىگىت بىلەن ناھايىتى ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تانسا ئوينىدى. ئۇ تانسا ئويناۋېتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قارشى تەرەپكە سۆز قىلاتتى ياكى چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. قەدەمنى مۇزىكا رىتىمىگە چۈشۈرۈپ دەسسەشنى ئۆگىتەتتى. ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى، توي قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، ھەتتا سۆيگەن قىزىنىڭ بار-يوقلۇقىدىن تارتىپ قىزىقچىلىق بىلەن سورايتتى... قىسقىسى، گۈلرو بىلەن تانسا ئوينىغان ياكى بىر دەم پاراڭلاشقان يىگىت ئۆزىنى شۇ سورۇندىكى ھەرقانداق بىر ئەركەكتىن مەردانە، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قىزلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان بەختلىك ئوغۇل ھېس قىلاتتى. ھېچيەردە قىلمىغان قىزىقچىلىقلىرىنى كۆرسەتكۈسى، بار ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىگۈسى، نامايان قىلغۇسى كېلەتتى...

مەشرەپ ئاخىرلىشىپ گۈلرو، ساتتارلار شەھەرگە قايتىدىغان چاغدا ھەممەيلەن ئۇلارغا قىيمىغان ھالدا خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. ساھىبخانىنىڭ تەشەككۇر سۆزلىرىنى بولۇۋېتىپ يېزىدىكى يىگىتلەر بەس-بەستە ئۆزلىرى ئويۇشتۇرماقچى بولغان مەشرەپلەرگە چوقۇم قاتنىشىشنى ئىلتىجا قىلىشتى. سېۋەت-سېۋەت مېۋىلەر ماشىنىغا سىغماي قېلىشتى.

## 6

گۈلرو مېھمانلارنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاچىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كېلىپ، ياتىقىغا كىرىپ ئەمدىلا بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق ئىچەي دەپ ئولتۇرۇشىغا قېيۇم كىرىپ كەلدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ تۈنۈگۈنكى ھاردۇقىڭىز چىقىپ قاپتىمۇ؟

— ئۇنداق كۆڭۈللۈك بەزمىدىمۇ چارچامدۇ كىشى، قېنى ئولتۇرۇڭ.

— ئۇنداقتا كېلەر شەنبەدىكى بەزمىگىمۇ بېرىشنى خالايدىكەنسىز-دە!

— ئەلۋەتتە، سىز ئاپىرىشنى خالىسىڭىزلا ... سىزدەك تۈز كۆڭۈل كىشىلەرگە يالغان ۋەدە بەرسەك بولمايدۇ، سىزگىمۇ سەت بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭىز، بىراق ئۇنداق سورۇنلاردا مەن سىزدەك ئېچىلىپ كېتەلمەيدىكەنمەن.

— نېمىشقا؟ — دېدى گۈلرو كۈلۈپ.

— كۈندەشلىكىم تۇتۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قېيۇم ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ.

— چاقچاق قىلماڭە، قاراڭ سىزنى، ئۇسساپ كەتكەنسىز ھەقىچان، ئۇسسۇلۇق ئىچىۋېلىڭ.

— راست گۈلرو، مەن تۈنۈگۈن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىلىكىم ئەمەلگە ئېشىپ سىز بىلەن توي قىلىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىسەمۇ، كۈندەشلىك ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى قېيۇم ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى گۈلروغا تىكىپ.

— ئۇنداق دېمەڭە، بىز شۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتىمىزغۇ، مەڭگۈ مۇشۇنداق ياخشى دوست بولۇپ ئۆتىمىز. قاراڭ، ماۋۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى بۈگۈن بىر ياپونلۇق بەردى. يېقىملىق ناخشىلار بار ئىكەن، بىللە ئاڭلايلى، — گۈلرو شۇنداق دېگىنىچە لېنتىنى ئۈنئالغۇغا سېلىپ كۇنۇپكىنى بېسىپ قويدى. لېكىن بۇ مۇزىكا قېيۇمنىڭ دىققىتىنى ئازراقمۇ تارتالمىدى. ئۇ بارغانچە ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— ماڭا قاراڭ گۈلرو، مەن ئەمدى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھەممىنى قەلبىمگە يوشۇرۇپ يۈرۈۋەرسەم، سىزنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدىغان ئوخشايمەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟ مەن ... — قېيۇم شۇنداق دېگىنىچە گۈلرونى كاپپىدە قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە، لېۋىگە سۆيۈپ كەتتى. گۈلرو قارشىلىق قىلىپ بېقىپ كۈچ ئېلىشالمىغاندەك ئۆزىنى قېيۇمنىڭ خالىغانچە سۆيۈشىگە قويۇۋېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى قوللاپ قېيۇمنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ پاڭىدە يىغلىۋەتتى. قېيۇم ئۇنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشتىن بىردىنلا توختاپ، ھاسىرىغان ھالدا گۈلرونىڭ يۈزىدىكى سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ گۈلرو. مەن ... مەن ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالماي قالدىم، — دېدى قېيۇم يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ گۈلرونىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— ماقۇل دەڭ سۆيۈملۈك گۈلرو، بىز توي قىلايلى، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ھەرگىز بۇنداق رەنجىتمەيمەن.

— مەن سىزدىن رەنجىمىدىم. پەقەت مەندەك بىر قىزنى سىزدەك مەرد، ئېغىر-بېسىق، قەددى-قامەتلىك يىگىتنىڭ شۇنچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن يىغلاۋاتىمەن، — دېدى گۈلرو يىغىدىن ئىسەدىگەن ھالدا.

— ئەمىسە ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدىڭىزمۇ؟ — قېيۇم شادلىقتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ قەدىرلىك قېيۇم، سىزمۇ بىلىسىز، مەن شەھەرگە كەلگەندىن بۇيان سىز، ساتتار، ئەكبەر تۆتىمىز شۇنداق ئىناق، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتتۈۋاتىمىز. مەن ئىلگىرى ئوغۇل بالا بولسا سىزدەك مەرد، سالماق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولسا دەپ ئويلايتتىم. ئەمما يېقىنقى ئۈچ-تۆت ئايدىن بۇيان بەزى سورۇنلاردا سىز بىلەن يالغۇز بىللە بولۇپ قالسام نېمىشقىكىن ئەكبەر، ساتتارلارمۇ بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. هازىرمۇ، سىز مۇھەببەت ئىزهار قىلىۋاتقان چاغدىمۇ ئۇ ئىككىيلەن خىيالىمغا كىرىۋېلىپ زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشى دوست بولۇپ ئۆتەيلى، خاپا بولماڭ، بولامدۇ؟

## 7

گۈلرو ئاتىسىنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆيگە بېرىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— بوپتۇ بېرىڭ، ئەتە كېلىدىغان مېهمانلارنى باشقىلارغا ئورۇنلاشتۇرارمىز. هازىر سائەت تۆتكىچە ئەكبەرنىڭ ۋەزىپىسى يوق، ئۇ سىزنى ماشىنىدا ئاپىرىپ قويسۇن، — دىرېكتورنىڭ سۆزى گۈلروغا قارىغاندىمۇ تاشقىرىقى ۋەزىپە كۈتۈش ئۆيىدىكى پاراڭغا زەڭ سېلىپ ئولتۇرغان ئەكبەرنى تېخىمۇ بەكرەك سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

گۈلرو قېيۇمنىڭ دادىسى بىلەن بىرلىشىپ قەدىمكى شەھەرگە بارىدىغان يولدىكى كۆۋرۈكنى ياساشقا ئىئانە قىلغان ئون مىڭ يۈەننى دىرېكتورغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئەكبەر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ تەق بولۇپ تۇرغانىدى. گۈلرو ئەمدى ماشىنىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرسى قارا دېگەندەك ياتاق بىناسى تەرەپكە قارا پلا ئەندىكىپ كەتتى. سەللا يىراقتا سەردار ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. گۈلرو ئىتتىكلا ماشىنىغا چىقىۋالدى. ئەكبەر خۇشلۇقىدا گۈلرونىڭ كۆڭلىدىكى جىددىيلىكنى سەزمىگەن بولسىمۇ، قاندافتۇر بىر ئىشقا كۆڭلى ئالدىراۋاتقان كىشىدەك ماشىنىنى ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن قوزغاپ، شۇنداق تېز هەيدىدىكى، هەش-پەش دېگۈچە ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

شەهەر سىرتىغا چىققاندا ئەكبەر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. شۇ كەمگىچە هېچكىم گەپ-سۆز قىلمىدى. هەر ئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. ئەكبەر قەلبىدە كەلكۈندەك پاپىراۋاتقان كۈچلۈك هاياجاننى، بىر خىل ئوتلۇق ئىستىكىنى توسماقچى بولغاندەك بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. ئۇ پات-پات گۈلروغا قاراپ قوياتتى. گۈلرونىڭ ئۆيىگە بولسا بارغانچە ئاز قېلىۋاتاتتى. ئەكبەر بۈگۈنكىدەك بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى زادىلا خالىمايتتى. ئۇ چېكىپ يېرىملاشقان تاماكىسىنى يېمىرىپ تاشلىۋېتىپ، سول قولى بىلەن گۈلرونىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى. خىيالچان ئولتۇرغان گۈلرو چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئەكبەر دەرهال كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇردى:

— ماڭا مۇنداق قارىماڭ گۈلرو، مەن دەيدىغان گېپىمنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن. كۆزلىرىڭىزدە قانداق سېهرىي كۈچ باردۇ؟ هەر قېتىم سىزگە يۈرەك سۆزۈمنى دېمەكچى بولىمەنۇ، ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرىڭىز شۇنداق تىكىلگەن هامان خۇددى سېهىرلەنگەندەك

مىڭ تەستە تەييارلىغان سۆزلىرىمنى ئۇنتۇپ، نىمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالىمەن.

مەن ... — ئەكبەر ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— ھا، ھا، ھا، — گۈلرو. ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ زورۇقۇپ كۈلدى، - بۈگۈن ئەجەب گەپ قىلدىڭىزغۇ ئەكبەر؟ كۆپ ئىچىۋالدىڭىزمۇ ياكى سۆيگۈنىڭىز ئايگۈلگە دەيدىغان سۆزلىرىڭىزنى ئېسىڭىزدە يوق ماڭا قىلىۋاتامسىز؟

ئەكبەر ئايگۈلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن پىلمۇتتەك سۆزلەپ كەتتى:

— قويۇڭە ئايگۈلنى، ئەگەر ئاتام ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىمىگەن، ئىنىمنى ئۆز ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، ئۆيدىكىلەر ھەرقانچە بېسىم ئىشلەتسىمۇ ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن يۈرمىگەن بولاتتىم. ھەي ...ي، ئۇنىڭ شۇنداق ياسانچۇق، ئابرويپەرەس، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، كۈنلەمچىلىكى ھەرقانداق ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدۇ.

— لېكىن، ئايگۈل چىراي-تۇرقى، خىزمەت ئورنى، ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتلەردىن ياخشى، ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىش سىزگە باغلىقتۇ؟

— ھەي، سىز شۇنداق دەيسىز، قىز بالا دېگەندە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك ئىككى ئېغىز گېپى، يا قىزلارغا خاس نازاكىتى بولمىسا، ھەر قېتىم بىللە بولساقلا پالانچى قىز ئۇنداق كىيىم كىيىۋاپتۇ، پۇستانچى قىز چېچىنى مۇنداق ياسىتىۋاپتۇ ... چارشەنبە كۈنى ھېلىقى قىزنى ماشىناڭغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ نەگە باردىڭ؟ جۈمە كۈنى يېنىڭدا تۇرغان قىز كىنم؟ دېگەندىن باشقا گېپى بولمىسا، ئادەم ھەرقانچە تىرىكسىمۇ، تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەتمىسە، ئۇنداق قىزغا قانداقسىگە كىشىنىڭ ئىشقي-مۇھەببىتى قوزغالسۇن؟

گۈلرو ئىختىيارسىز بىرنەچچە قېتىم بېشىنى لىڭشىتىپ سالدى.

— نېمىشقىكىن، سىز بىلەن دائىم پاراڭلاشقۇم، ھەممە خۇشاللىق، خاپىلىقلىرىمنى سىزگە سۆزلىگۈم، ھەممە ۋاقىت سىز بىلەن بىرگە بولغۇملا كېلىدۇ، سىزنىڭ گۈزەل ھۆسن-جامالىڭىز، چىرايلىق خۇلقىڭىز، شېرىن سۆزلىرىڭىز كېچە-كۈندۈز خىيالىمدىن كەتمەيدۇ. سىز كۈلمەڭ گۈلرو، بېشىڭىزنى چايقىماڭ، ماڭا ئۇنداق قارىماڭ، مەن گېپىمنى دەۋالاي، ئۆتكەن ھەپتە ئايگۈل بىلەن ئۇچراشقاندا بەك قىزىق ئىش بولدى، بەكلا قىزىق ئىش بولدى. مەن خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي سىزنى ئىزدەپ بارسام ئىشىكىڭىزنى زادىلا ئاچمىدىڭىز، شۇ چاغدا ئىشىكىڭىزنى ئاچقان بولسىڭىز، مەن ھېچنېمىگە قارىماي سىزگە سۆيگۈ تەلىپى قويغان بولاتتىم. ھېلىمۇ ئىشىكنى ئاچمىدىڭىز، بولمىسا قاتتىق ئوساللاشقان بولاتتىم. چۈنكى سىزدەك ئەقىللىق، چىرايلىق قىز قانداقمۇ مەندەك ئاددىي بىر شوپۇرنى ئۆزىگە لايىق كۆرسۇن؟ مەن ئۆيگە كېتىۋېتىپ شۇنداق ئويلىدىم، - ئەكبەر سىناش نەزىرىدە گۈلروغا قارىدى. گۈلرونىڭ مەڭزىلىرى سۇس قىزىرىپ، لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاناردەك سۇزۇك مەڭزىگە، غۇنچىدەك لەۋلىرىگە ئەكبەرنىڭ سۆيۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇپ، گۈلرونى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سۆيگۈ ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى — مۇھەببەت تىلىك نەزەرىنى ئۇدۇلغا يۆتكەپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن سىزگە ئېيتسام، شۇ كۈنى سىزنىڭ ئىشىكىڭىزنى چېكىشتىن ئىككى سائەت

ئىلگىرى ئايگۈل مېنىڭ يۈزۈمگە بىر كاچات سېلىپ، كۆزۈمدىن ئوت چاقنىتىپ «ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارىمايمەن، مەڭگۈ ئادا-جۇدا بولىمەن ...» دەپ ئەسەبىي تىللار بىلەن تىللاپ كەتتى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەيلا دېدى. دېمەك، ئۇ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن مەندىن ئايرىلدى. مەن ئەمەس، ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى. نېمىشقا دېمەمسىز، دېسەم بەك قىزىق. مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشۈۋېلىپ ئايگۈل دېمەكچى بولغىنىمدىن، بىلمەيمەن، «گۈلرو، گۈلرو» دەپ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تەكرارلاپتىمەن. سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئۇنى ۋە مېنى مۇھەببەتسىز نىكاھدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ها-ها-ها ... - ئەكبەر ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان كۈلكىسىنى توختىتالماي قالدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى كۈچەيگەنچە ئۇنىڭ ئىچى سىقىلاتتى.

ئەكبەر گۈلرونىڭ چېھرىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ سۆزلەشتىن ۋە كۈلۈشتىن توختاپ قالدى-يۇ، يەنە شۇنداق تېزلا گۈلرونىڭ ئۆيىگە ئاز قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— گۈلرو مۇشۇ تاپتا سىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى پەرەز قىلىپ يەتتىم. سىز ھەرگىزمۇ مېنى رەنجىپ قالارمىكىن دەپ ئويلىماڭ. مەن ساتتار بىلەن قېيۇمنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بەلكىم سىز بىر-بىرىدىن كېلىشكەن ئىككى يىگىتنىڭ قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەيۋاتقانسىز. مەندە نە قېيۇمنىڭكىدەك تومەنلەپ پۇل، نە ساتتارنىڭكىدەك بىلىم، ئۇنۋان، مەرتىۋە يوق، بىراق مەندە سىزگە ئاشىقى-بىقارار بولغان، سىزنى مەڭگۈ سۆيىدىغان پاك، يالقۇنلۇق قەلب بار... مەن سىزنى ھازىرلا جاۋاب بېرىڭ دېمەيمەن. ئەگەر سۆيگۈمنى رەت قىلسىڭىز ھەرگىز ماڭا ئېيتماڭ، ئارىمىزدا ھېچقانداق گەپ-سۆز بولمىغاندەك ياخشى خىزمەتداش، ياخشى دوست بولۇپ ئۆتەيلى. مەن قانداقلا بولمىسۇن قەلبىمدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلىرىمنى ئاخىر سىزگە دەۋالدىم. مۇشۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن زور تەسەللى.

ئەكبەر سۆزىنى تۈگىتىپ يۈرەك-باغرى بوشاپ قالغاندەك راھەتلىنىپ ئۇلۇق تىندى. بىراق كۈچلۈك ھاياجان يەنىلا ئۇنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتماقتا ئىدى. ئۇ گۈلرونىڭ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىر نېمە دەپ سېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك گۈلروغا قاراشقا پېتىنالماستىن ئۇدۇلغا تىكىلگىنىچە تېزرەك مەنزىلگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن خوتىنى يۆتكەپ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

گۈلرو بولسا ئۇدۇلغا قارىغىنىچە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى. قەلبىدە ھېسسيات بورىنى بىردە كۈچىيىپ، بىردە پەسىيىپ تۇراتتى. گۈلرونىڭ قارىشىدا ئەكبەردە پۇلمۇ، بىلىم، ئۇنۋانىمۇ ئوخشىمايدىغان قانداقتۇر بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. گۈلرونىڭ نەزەرىدە ئەكبەر كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان، كىشىگە مەنىۋى ئوزۇق، روھىي تەسەللى بېرەلەيدىغان، كىشى زوقلانغۇدەك يىگىت ئىدى. ئۇنداقتا، ساتتار بىلەن قېيۇمچۇ؟... نېمىشقىدۇر گۈلرو بۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۈستىدە ئويلانمىسۇن، ھامان قالغان ئىككىسى ئۇنىڭ خىيال قورغىنىغا بۆسۈپ كىرىۋالاتتى. گۈلرونىڭ ئېڭىدا بۇ ئۈچەيلەن دائىم ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدىدەكلا قىلاتتى...

## 8

ئەتىسى گۈلرو ھاراق-كونسېرۋا زاۋۇتىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ساتتارنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇشىغا ئاخشام ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى. «...قىزىم، قايسى كۈنى يېزىمىزنىڭ سېكرېتارى سىزنى ئوغلىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن كىشلەردىن ئەگەر تۇغقان بولۇپ قالساق، كېلىنىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى مەھەللە ئىچىگە چىرايلىق باغ-ۋارانلىق يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈرۈپ كېلىمىز، دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاتىڭىز بىلەن ئىككىمىز بۇ تويغا قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. سىزنى كۈتۈپ يولىڭىزغا قاراپ كۆزلىرىمىز تېشىلگۈدەك بولدى...»

ئۇ چاغدا گۈلرو ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. چۈنكى ئۇ ئاتىسىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىن قارىغاندا، قوشۇلمايدىغانلىقىنى دېيدىغانلا بولسا قاتتىق خاپا بولىدىغانلىقى ھەتتا ئاپىسىنى ئۇرۇپ سالىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. گۈلرو سىلىق-سىپايە سۆزلەر بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ناھايىتى تەستە تاڭنى ئاتقۇزدى-دە: «ئىدارىدىن ھاراق-كونسېرۋا زاۋۇتىغا ساياھەتچىلەرنى ئاپىرىشقا بولامدۇ-يوق، ئۇقۇشۇپ كەلگىن دېگەنىدى» دەپ ئاتا-ئانىسىنى ئىشەندۈرۈپ ئۇلار بىلەن ئالدىراش خوشلاشتى.

ساتتارنىڭ ئىدارىسى بۇ مەھەللىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. گۈلرو ئەمدى بىرسىدىن ئۇنىڭ ياتىقىنى سوراي دەپ تۇرۇشىغا تەلىيىگە ساتتارنىڭ ئۆزى سېخ تەرەپتىن كېلىپ قالدى:

— ۋاي-ۋۇي، بۇ چۈشۈممۇ-ئوڭۇممۇ؟ بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقىپ قالدى گۈلرو؟

گۈلرو ساتتارنىڭ ياتىقىغا بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. ئۇلار سالام-سائەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ساتتار ئۈستەلنى كونسېرۋا ۋە باشقا نېمەتلەر بىلەن تولدۇردى:

— «ئاۋۋال تائام، كېيىن كالام» دېيىشكەن، تېتىپ بېقىڭ. بۇلار زاۋۇتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرى، قېنى ئېلىڭە .

ساتتار گۈلرونىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەقەت كۆز ئارقىلىقلا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان، بىر قارىماققا مۇرەككەپ ھەم سىرلىق، بىر قارىماققا قانداقلا چۈشەنسە بولۇۋېرىدىغان نەزەردە ئۇچرىشىپ قالدى. گۈلرو سېھىرلىك نەزەرنى ساتتارنىڭ كۆزىدىن يۆتكىمەستىن جىنەستىدەك لەۋلىرىنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى ھۆر-پەرىلەردەك شۇنداق چىرايلىق ھىمىرىپ كۈلۈمسىرىدىكى، بىردىنلا ساتتارنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولۇپ، بىر خىل سىرلىق، ئىللىق ئېقىم تاپىنىدىن كىرىپ، شۇررىدە مېڭىسىگە قاراپ ئاقتى... ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا گۈلرونىڭ ئەتىرگۈلدەك چېھرىگە، توغرىسى ئوتقاشتەك لەۋلىرىگە تىكىلگىنىچە قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت ئۇچقۇنى يانغان كۆزلىرىگە گۈلرونىڭ ئاشۇ ئەقلىنى ئازدۇرغۇچى لەۋلىرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ساتتارنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەقەت ئاجايىپ سىرلىق، بىر خىل ئەسەبىي ئىستەك تەكرار-تەكرار ئۇرغۇپ بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى... ساتتار خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقان كىشىدەك مەقسەتسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ قالدى.

گۈلرونىڭ نازاكەتلىك سۆزلىرى ساتتارنىڭ قولىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك قىلاتتى.

— كەچ بولۇپ قالدى، مەن قايتايمىكىن...

— كەتمەڭ جېنىم، جېنىم... — ساتتار شۇ سۆزنى تەكرارلىغىنىچە گۈلرونى «كاپپىدە» قۇچاقلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاچكۆزلەرچە سۆيۈپ كەتتى. گۈلرو قارشىلىق قىلىپ باقتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاجىزانە قارشىلىقى ساتتارنىڭ غايىبتىن پەيدا بولغان تاغلارنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈچ-قۇدرىتىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟! ساتتار ئۇنى بارغانچە مەھكەم قۇچاقلاپ، پۈتۈن ئىشقى-مۇھەببىتى بىلەن سۆيەتتى...

ئۇلار مەھكەم قۇچاقلاشقان، سۆيۈشكەن ھالدا ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ كارىۋاتنىڭ قېشىغا بېرىپ قالدى. ئويلىمىغان يەردىن گۈلرونىڭ پۇتى كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە تىرىلىپ ئىككىلەن تەڭلا كارىۋاتقا يىقىلدى-دە، گۈلرو كارىۋاتقا ئوڭدىسىغا چۈشۈپ ساتتارنىڭ ئاستىدا قالدى. ساتتار بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، مەڭزىگە، بويۇنلىرىغا سۆيسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاشتۇرۇپ مەيدىسىنى تۇتۇۋالغىنىچە كۆپتىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىۋەتتى. گۈلرو قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى. بىراق بۇ چاغدا ئۇمۇ پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كۈچ-ماغدۇردىن كەتكەنىدى...

## 9

«سالام، قىممەتلىك گۈلرو:

خېلى كۈنلەر بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ھەر كۈنى دېگۈدەك ماڭا تېلېفون بېرىپ، سىزگە يولۇقۇشۇمنى قايتا-قايتا ئۆتۈنگەن بولسىڭىزمۇ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تەلىپىڭىزنى ئورۇنلىيالمىدىم. سىز مېنى ئىزدەپ كەلسىڭىزمۇ سىزگە يولۇقماي ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم. شۇ تاپتا سىزگە خەت يازغاچ، ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئولتۇرماقتىمەن. بۇ بەلكىم ئىلگىرى سىزنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن، سىزنىڭ ساھىبجامال گۈزەل ئوبرازىڭىزنىڭ قەلبىمدە ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ بۈيۈك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

راست، مەن سىزنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىمكى، سىزگە ئاشىق بولغان كۈندىن ئېتىبارەن سىزنى ھەر كۈندە بىر قېتىم، ھېچبولمىغاندا ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈۋالمىسام، ماڭا ياشىغىنىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنەتتى. مېنىڭ پانىي ئالەمدىكى ھەر خىل ئىزدىنىشلىرىم، خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىم، ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىم، خاپىلىق-خۇشاللىقىمنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ پاك مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئىدى. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمىسەم ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

سۆيۈملۈك گۈلرو، ئەگەر ئەبەدىيلىك پاك ئەقىدە باغلىغان قىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇش، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈش مۇھەببەت دېيىلىدىغان بولسا، مەن كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلغان سۆيگۈنۈمگە — سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشتىم. مەن سىزنىڭ ھىجران ئازابىڭىزدا قىينىلىۋاتقان چاغلاردا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا

يەتكەن ۋاقتىمدا خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ دەپ ئويلايتتىم. بىراق مەن سىز بىلەن مېنىڭ ياتقىمدا بىرىنچى قېتىم، نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى قىلغاندا ھەرقانداق بىر ياشقا بىردەملىك فىزىئولوگىيىلىك شادلىقتىن كېيىن مەيۈسلۈك، مەڭگۈلۈك ئازاب، ئۆمۈرلۈك ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت-نادامەت، قايغۇ-ئەلەمدىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدىغان ھېلىقى ئىشنى قىلغاندىن كېيىن، مېنىڭ قەلبىمنى سۆيگۈنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئاشىقنىڭ شاد-خۇراملىقى ئەمەس، بەلكى ئۆكۈنۈشكىمۇ، مەمنۇنلۇقىمۇ، سۆيۈنۈشكىمۇ، خاپىلىقىمۇ ئوخشىمايدىغان زىددىيەتلىك چىگىش، مۇرەككەپ خىياللار چۇلغىۋالدى. مەن بۇ چىگىش زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالماي تولىمۇ قىينالدىم. سىزنى ئىزدەپ بېرىپ سۆزلەشمەكچىمۇ بولدۇم. ئەمما ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق بولمىغان بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى بىر قىز بالا — سىز بىلەن يۈز-تۇرانە سۆزلىشىش ماڭا — بىر يىگىتكە نىسبەتەن مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىدىم. شۇڭا شۇ كۈنلەردە سىز بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم.

قىممەتلىك گۈلرو، بەلكىم سىز بىلىسىز ياكى بىلمەيسىز. مەن قەلبىمدە سۆيگۈ-مۇھەببەت ھېسلىرى بىخ سۈرۈپ، يىگىت بولۇپ يېتىلىپ تا بۈگۈنگىچە سىزدىن باشقا ھېچقانداق بىر قىز بىلەن پەقەت نىكاھلىق ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىلا بولۇشقا تېگىشلىك ھېلىقى ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆزۈم يىگىت سانالغان كۈندىن باشلاپلا بارلىقىمنى، روھىمنى ۋە جىسمىمنى بولغۇسى سۆيگۈنۈمگە ئاتىۋەتكەن دېمەكچى ئەمەسمەن. ئىلگىرى مەنمۇ خۇددى نۇرغۇن يىگىتلەرگە ئوخشاش بىرەر قىز بىلەن، مەيلى ئۇ گۈزەل ياكى سەت بولسۇن، مەيلى مەن ئۇنى ياقتۇراي ياكى ياقتۇرماي، مەيلى ئۇ بۇزۇق ئايال ياكى توي قىلغان ئايال بولسۇن، ئىشقىلىپ بىرەر ئايال جىنس بىلەن ئاشۇ ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلەتتىم. ھەر دائىم شۇ ئۈمىدتە ئاخشاملىرى كوچىلارنى، مەھەللىلەرنى، كىنوخانىلارنى ئارىلاپ پۇرسەت ئىزدەيتتىم. ھەر خىل پىلانلارنى تۈزەتتىم. كېيىن مەن ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئىلگىرى ئوتتەك ئىرىشەلمىگەن پۇرسەتكە بىر قېتىم تۈگۈل بىرنەچچە قېتىم ناھايىتى ئوڭايلا ئۆزلۈكىدىن دېگۈدەكلا ئېرىشتىم، لېكىن شۇ چاغلاردا مەن نىمىشقىدۇر بىرنەچچە قىز-چوكانلارنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا، خىجىللىقتا قالدۇرۇپ ئۇ ئىشنى قىلمىدىم.

مەن بەك رومانتىك بولۇپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ ياكى ئۆزۈمگە بەك ئىشەنگەنلىكىمدىنمۇ ئىشقىلىپ، مەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشى بىلەن بىرگە ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بىر-بىرىنىڭ تۇنجى ئۇچراشقان ئادىمى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھەر ئىككىيلەننىڭ ئېڭىدا ئاڭسىز ھالدىكى سېلىشتۇرۇشتىن پەيدا بولغان پەرق تۇيغۇسى بولمايدۇ. پەرق تۇيغۇسىدىن ئىستىخىيىلىك شەكىللەنگەن ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ باھانىسى بىلەن بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىش، بىر-بىرىنى كەمسىتىش، ئۆزى ھېس قىلغان بوشلۇقنى سىرتتىن — باشقىلاردىن تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىكتەك پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىم. مەن...

ھەي، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، سىز تولىمۇ زېرىكىپ، بەلكىم مېنىڭ سىزگە

دېمەكچى بولغان سۆزۈمنى دېيەلمەي نەقەدەر قىينىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتقانسىز؟ بەلكىم نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنىمۇ چۈشىنىپ بولغانسىز.

سۆيۈملۈك گۈلرو، مەن بىرىنچى قېتىم مېنىڭ ياتىقىمدا سىز بىلەن بىرگە بولغاندىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە جەريانىدا كېچە-كۈندۈز ئويلاپمۇ، يېقىن ئاغىنەمدىن مەسلىھەت سوراپمۇ ھەل قىلالمىغان مۇرەككەپ، نازۇك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈم سىزنى ئىزدەپ بېرىپ سىزنىڭ ياتىقىڭىزدا — سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم بىرگە بولدۇم.

بۇ قېتىمقى رەھىمسىز چىنلىق مەن ئۈمىد قىلغان بارلىق ئېھتىماللىقلارنى بىراقلا بەربات قىلىۋەتتى. مەن ئىززەت-غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنغاندەك، تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز خورلىنىپ قاتتىق ئازابلاندىم. مەن بىر تال تاماكا چېكىپ ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا: «سىز ئىلگىرى بىرسىنى ياخشى كۆرگەنمۇ؟ سىزگە بىرسى زورلۇق قىلغانمۇ؟» دەپ سورىغىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز شۇ چاغدا كېيىمنى ئاڭلىمىغاندەك يۈزۈمگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېدىڭىز. شۇئان مېنىڭ مېڭەم غۇژژىدە بولۇپ، سىزنىڭ ياتىقىڭىز ماڭا گۆرىستاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاشۇ مىنۇتلاردا سىز مېنىڭ سوئالىمغا (جاۋاب بېرىشتىن قاچماي — بۇ مېنىڭ پەرىزىم) ھەرقانداق باھانە-سەۋەبنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىزمۇ بەلكىم... ھەي، بولدىلا، ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى... بىز كېچىكىپتۇق. مەن كېچىكىپتىمەن...

مېنى كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈك گۈلرو — سىز يەنىلا سۆيۈملۈك — مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، سىزگە بەخت تىلەيمەن!»

ساتتار خەتنى يېزىپ بۇ يەرگە كەلگەندە «سىزنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر سۆيۈپ ساتتار» دەپ يېزىپ بولۇپ، يەنە جىجىلىۋېتىپ «سىزنىڭ مەڭگۈلۈك دوستىڭىز ساتتار» دەپ يېزىپ قويدى. ئۇ خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىۋاتقاندا گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلرونىڭ ھور-پەرىدەك گۈزەل ھۆسن-جامالى نامايان بولغاندەك بولۇپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

كېيىن يەنە ئۆزۈم ناماقۇل بولۇپ گۈلرونىڭ ئالدىغا بېرىپ قالمىساملا بولدىغۇ؟... ساتتار يەنە ئۆزىدە مۇشۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ئىشىنەلمەي قالدى. ئىككىلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ خەتنى تېزرەك سېلىۋېتىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا ئالدىراش ماڭدى.

## 10

گۈلروغا خەتنىڭ مەزمۇنى تاساددىپىمۇ تۇيۇلمىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ساتتارنىڭ ئۆزىنى ئىزدىمىگەنلىكىدىن شۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرغانىدى. بىراق گۈلرو راستىنلا ساتتارنى ئالداپ تىگۈيىلىش خىيالىدا بولمىغانىدى. ئۇ خەتنى تەكرار-تەكرار ئوقۇدى، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ نېمىشقا ساتتارغا ئىچ سىرىنى ۋاقتىدىلا ئېيتمىغان بولغىيتى؟ ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققانمىدۇ؟... بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا توي قىلىشقا قىيۇمنى، ئەكبەرنى، سەردارنى ۋە ياكى باشقا بىرسىنى تاللىماي ساتتارنى تاللىدى؟ يەنە نېمىشقا قىيۇمنىڭ ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئىزدەپ كەلمىگەنلىكىدىن رەنجىپ يۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا

قېيۇم قايسى كۈنى ئەكبەرنى مەندىن قىچىپ يۈرىسەن دەپ تىرىكىدۇ؟...

راست، ئۇلار نىمشقا ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئىزدەپ كەلمەيدىغاندۇ؟ ئەجەبا، قىز-يىگىتلەر ئارىسىدا پەقەت سۆيگۈ-مۇھەببەتلا بولۇپ، سەممىي دوستلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمامدىغاندۇ؟ تايىنلىق ھەممىسى رەنجىپ يۈرۈشىدىغاندۇ! بىراق ئۇلاردىمۇ نىمە گۇناھ؟ ئۇلار ئۇچىسلا ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ، ئۇنى بەختلىك قىلىش ئارزۇسىدا ئۆزئارا بەسلىشىدۇ، ئۇنى بىر-بىرىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ، بىر-بىرىدىن قىزغىنىدۇ... يەنە بىسەردارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭغا ئاشىقكەن... ئۇ ھازىرغىچىلىك مەندىن ئۇمىدىنى ئۈزمىدى....

كاشكى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى، خۇشاللىقى، بەختى ئۈچۈن مېنىڭ روھىمنى ھەم تېنىمنى ئوخشاش ئۈچكە، ياق تۆتكە... بۆلگىلى بولغان بولسا، تۆت جۈپ بولۇپ بەختىيار ياشىسا... ياكى خۇدايىم ساتتار، قېيۇم، ئەكبەر، بىسەردارنى — تۆتىسىنى قوشۇپ بىرلا ئادەم قىلىپ ياراتقان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!...

«تاك- تاك- تاك» گۈلرو ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئاۋازىدىن خۇددى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىدەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ كىرىك دېيىشىنىمۇ كۈتمەيلا ئىشىك ئېچىلىپ قىرىق ياشلاردىكى بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. گۈلرو ئۇ كىشىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنى ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە نىمىلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىشقا سۆز بېتىپ بەرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كىشى گۈلرو بىلەن خوشلىشىۋېتىپ چوڭلارغا ئوخشاش ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى:

— پاتراق بېرىڭ قىزىم... يېزىمىزنىڭ سېكرېتارى توي ئىشىنى ئالدىرىتىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئاتا-ئانىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. ئۇ كىشى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈلرو ئۇزاق ئويلىنىپ قانداقلا قىلىپ بولسۇن ئىدارىسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي ئېلىپ ئاتا-ئانىسىنى ئەكىلىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

## 11

— ئىشلىرىڭىز قانداق بولدى ئوغلۇم؟

— ئازراقمۇ ئەپلەشمىدى.

— ئۇلار نىمە دەيدۇ؟

— مەن باشقارما باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ سىزنىڭ يېزىلارغا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە چۈشۈشكە قوشۇلغان-قوشۇلمىغانلىقىڭىزنى سورىدى. دادام قوللايدۇ، دېدىم. ئۇ كىشى، سىز ئىدارىگە يېڭىدىن كەلدىڭىز، ھازىرچە بولماسمىكىن، قېنى سېكرېتار بىلەن سۆزلىشىپ باقىڭ، دېدى. سېكرېتار سىز نىمشقا يېزىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىسىز؟ دەپ سورىدى. مەن ئۆزۈمنى تونۇتۇۋېلىپ، نامرات دېھقانلارنىڭ مۇشكۇل تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىدىغانلىقىمنى، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىمنى، بىر-ئىككى يىلغىچە ئۇلارنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشەنچىم كامىل ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلى سۆزلىدىم، ئۇ سىزنى يېزىغا ئەۋەتىشنى ئويلاپ كۆرەيلى، سىز يېڭى كەلدىڭىز، ئىدارە بىلەن تونۇشۇڭ. ئەمدى بىز ئوقۇغۇچى

ئەمەس، دۆلەتنىڭ كادىرى. سىزنى يېزىغا ئەۋەتىشتە پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرىمىز. ئۆز خىزمىتىڭىزنى ياخشى ئىشلەڭ دەپ تېخى تەربىيە بېرىپ كەتتى، — سەردار سۆزىنى تۈگىتىپ ئاچچىق كۈلدى.

— تۆۋى! پرىنسىپمىش تېخى، - قاسىمكا غەزەپتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— قېنى تامىقىڭلارنى يەۋېلىڭلار ، — سەردارنىڭ ئاپىسى لەغمەننى ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. قاسىمكا لەغمەننى ئىككى چوكا يەپلا بىردىنلا كاللىسىغا بىر پىكىر كەلدى-دە، ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئوغلۇم، ئامال تېپىلدى. مەن چۈشتىن كېيىن ئۆزۈم كۆرۈشىمەن. مەن ئۇلارغا يېزىدىكى تۇغقانلار نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ياشنىپ قالدۇق، سەردار بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالغاچ قېشىمىزدا تۇرسۇن دەپ كېلىۋاتاتتى. مەن سەردار ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندە، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. كادىرلارنىڭ يېزىغا بېرىش باھانىسىدا تۇغقانلار بىلەن يېزىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ بىر-ئىككى يىل تۇرۇپ كەلسۇن. ماڭا چوقۇم ياردەم قىلمىساڭلار بولمايدۇ، دەيمەن. سىز خاتىرجەم بولۇڭ ئوغلۇم. سىزلا خوش بولىدىغان ئىش بولسا مەن شەخسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق بولسىمۇ چوقۇم ھەل قىلىمەن، — قاسىمكا سۆزىنى تۈگىتىپ تامىقىنىمۇ يېمەي چىقىپ كەتتى.

شىرتتا ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇردىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى...

ئەل ياتقۇ مەزگىلىدە يامغۇردا ئۇستىبېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن قاسىمكا ئۆيىگە خۇشال قايتىپ كەلدى. سەردار ئاتىسىدىن ئۆزىنىڭ قازانچى يېزىسىغا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ ئەتە ماڭىمەن دېگەن كۈنى دوستلىرى بىر ئاشخانىدا ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى. سەردار خېلىلا كۆپ ئىچتى. زىياپەتتىن ئۇزاپ چىققاندا ئۇ بىر دوستىنىڭ موتسىكلىتىنى ئارىيەت ئېلىپ گۈلرو بىلەن خوشلاشقاچ ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل بىر پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئىدارىسىگە باردى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئۇدۇللا مەھەللىسىگە كەلدى. سوراشتۇرۇپ گۈلرونىڭ ئۆيىنى تاپتى. شەھەرگە كۆچۈشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان گۈلرونىڭ ئۆگەي ئاپىسى گۈلرونىڭ سۇ ئالغىلى كەتكەن جايىنى ئېيتىپ بەردى.

گۈلرو ئىككى چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ خىيالچان ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئۇدۇلدا ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان سەردارنى كۆرۈپ «چىپپىدە» ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. قوشۇملىرى تۈرۈلدى. سەردار ئىتتىك-ئىتتىك چامداپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ياخشىمۇسىز گۈلرو؟

— ياخشىمۇسىز.

— سىز بىلەن كۆرۈشمەك ئەجەبمۇ تەس ئىكەن. ھېلىمۇ شۈكرى، بۈگۈن ئاخىر كۆرۈشتۇق.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— مەن ئەتە يېزىغا بارماقچى، شۇڭا سىز بىلەن خوشلاشقاچ...

— خوش، سىزگە ئاق يول بولسۇن، — گۈلرو چېلەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاڭ گۈلرو، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. سىز ئۆتكەندە سۆيگۈ تەلىپىمنى رەت قىلغاندىن بۇيان مېنىڭ روھىم ھايات-ماماتلىق ئارىلىقىدا قالدى. ھىجران ئازابىڭىزدا

يۈرەك-باغرىم پارە-پارە بولدى. قەلبىمنى چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك چىرمىدى. مەن سىزنى ئۇنتۇشقا، سىزنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىم، ئۆزۈمنى هاراققا زورلىدىم. بىراق سىزگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىم ئازراقمۇ ئاجىزلىماستىن تېخىمۇ كۈچەيدى. مېنى تېخىمۇ ئازابلىدى. مەن سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلدىم. گۈلرو، سۆيۈملۈك گۈلرو، سىز، پەقەت سىزلا مېنىڭ ئىمجان روھىمنى قۇتقۇزالايسىز. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىڭ ... ئېمە؟ يەنە ياق دەيسىز-غۇ؟ ئېيتىڭە، مېنىڭ قانداق يېرىم، قايسى مىجەزىم سىزگە ياراشمايدۇ؟... سەردار قاتتىق هاياجانلىنىپ تېز سۆزلىگەنلىكتىن هاسىراپ كېتىۋاتاتتى.

— سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى رەت قىلىشىم هەرگىزمۇ سىزنى ياراتمىغانلىقىم ياكى سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى ياقتۇرمىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ سۆيگىنىم — يۈرگەن يىگىتىمنىڭ بولغانلىقىدىن، — گۈلرو ئۆزىنى سوغۇققان، تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، هەر بىر سۆزىنى دانە-دانە قىلىپ، سوزۇپراق سۆزلىدى. ئۇ شۇ سۆزىنى دەپ بولۇپ، ئېمىشقا يالغان سۆزلىگەندىمەن، دەپ ئۆز-ئۆزىگە هەيران قالدى.

— ئۇ كىم؟ ئۇ كىم بولىدۇ؟ — سەردار جىددىيلەشكىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى.

— ئۇ ئەسكەرلىككە كەتتى، — ئۇنىڭ ئەمدى شۇنداق دېمەي ئامالى يوق ئىدى، — يۈرۈۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىلدەك بولدى. ئۇ كېلەر يىلى قايتىپ كەلسىلا توي قىلىمىز.

سەردار گۈلروغا خېلىغىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزىگە گۈلرو ئەمەس، هېلىقى ئەسكەرلىككە كەتكەن يىگىتنىڭ خىيالى ئوبرازى كۆرۈنۈۋاتاتتى. سەردار بىردىنلا ئەسەبىيلەشكەندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئەسكەرلىككە كەتتى دەڭ، ها-ها-ها... كېلەر يىلى كېلىدۇ. ها-ها-ها... هەي گۈلرو! مەن قەسەم قىلىمەنكى، دۇنيادا بارلىق يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى يىغسىمۇ مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمگە تەڭلىشەلمەيدۇ، ئاڭلاۋاتامسىز؟ مەن سىزنى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر، ئەنە شۇنداق چەكسىز سۆيىمەن. ماقۇل دەڭ، بىز ئۇ كەلگىچە توي قىلىۋالايلى، مەن سىزگە بارلىقىمنى، هاياتىمنى بېغىشلايمەن، ماقۇل دەڭ...

— بولدى، سۆزلىمەڭ! سىز مەست بولۇپ قاپسىز! ... مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ ئادىمى بولۇپ بولغان.

گۈلرو بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن قانداقسىگە چىقىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ ئىشىك چېلىكىنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— مەيلى، ئېمىلا بولسا مەيلى، مەن سىزنى سۆيىمەن. ئەمدى هېچكىمگە بەرمەيمەن... — سەردار شۇنداق دېگىنىچە ئىككى-ئۈچ چامداپلا گۈلرونىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى كاپپىدە قۇچاقلىدى. گۈلرو ئېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە، سەردار ئۇنىڭ مەڭزىگە، لەۋلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. گۈلرو پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇپ، تېپىپ، ئىتتىرىپ، يۈزلىرىنى مورۇپ، تاتلاپ مىڭ تەستە ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىۋالدى. ئۇ كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان سەردارنىڭ يۈزىگە «چاڭگىدە» بىر كاچات سالدى. سەردارغا ئۇنىڭ ئۇرغىنى تەسىر قىلمىغاندەك قىلاتتى.

شۇ تاپتا ئۇ قوزىغا ئېتىلغان چىلبۆرىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ گۈلرونى يەنە قوچاقلىدى.
گۈلرونىڭ ئۇرۇش، تېپىش، تىللاش، يىلىنىشلىرى سەردارغا كار قىلمايتتى. گۈلرونى
توختىماي سۆيەتتى. «ھېچكىمگە بەرمەيمەن، يېڭىلمەيمەن» دەپ ئۆز-ئۆزىگە
غودۇڭشىيتتى. كەچكى شەپەق ئاللىبۇرۇن تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى. شالاڭ يۇلتۇزلار
جاڭگاللىقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. سەردار گۈلرونى ئەسەبىيلەرچە سۆيگىنىچە يول
بويىدىكى توپىلىق دۆڭگە باستى. گۈلرو ھېچ ئامال قىلالماي بېقىنىغا پېتىۋاتقان چىلگىدەك
چوڭلۇقتىكى چالمىنى ئېلىپ سەردارنىڭ بېشىغا كۈچ بىلەن ئۇردى. چالما ئېزىلىپ كەتتى.
سەردارغا بېشى چىم قىلغاندەك بىلىندى-يۇ، قاتتىق ئاغرىق تۇيۇلمىدى. ئۇ گۈلرونى
تېخىمۇ چىڭ بېسىپ لەۋلىرىگە، يۈزىگە، بويۇنلىرىغا جان-جەھلى بىلەن سۆيەتتى.
گۈلرو ئامالسىز قېلىۋاتقان، پۇت-قولى، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ بارلىق
كۈچىنى يىغىپ قارشىلىشاتتى. بىرنېمىلەرنى دەپ يىلىناتتى، تىللايتتى، يىغلايتتى،
تېپچەكلەيتتى. سەردارغا ھېلىقى ئەسكەر يىگىت قېشىدا قاراپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى.
سەردار «ھېچكىمگە بەرمەيمەن، يېڭىلمەيمەن» دەپ غودۇڭشىيتتى.
گۈلرونىڭ بەدىنىنى قوپاللىق بىلەن سىلايتتى. ئۇ گۈلرونىڭ يوپكىسىنى تارتىپ ئۆستىگە
قايرىماقچى بولدى. گۈلرو پۇتلىرىنى ئالماپ، ئىككى قولى بىلەن يوپكىسىنى تۇتۇۋالدى.
شۇ چاغدا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن قول چىرىغنىڭ نۇرى ئۇلار تەرەپكە يورۇدى
ھەمدە كىملەرنىڭدۇ «گۈلرو! گۈلرو!» دەپ ئەنسىز چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
گۈلرو بىردىنلا غايىبتىن كۈچ پەيدا بولغاندەك سەردارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىتتىك ئورنىدىن
تۇردى. چاچلىرىنى، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى. سەردار چىراغ يورۇقى كەلگەن تەرەپكە
قاراپ تۇرۇپ قالدى. گۈلرو سەردارغا قاراپ قەھرلىك، غەزەپلىك تەلەپپۇزدا:

— يوقال كۆزۈمدىن! يەنە نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ — دەپ چىراغ تۇتقان كىشىلەر
تەرەپكە يۈگۈردى. سەردار موتسىكلىتنى كىشىلەر ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغۇدەك يەرگىچە
يېتىلەپ ماڭدى. شۇ تاپتا سەردارنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسى خۇددى بوراندا قالغان
خاماندەك قۇيقۇرۇق ئىدى. ئۇ موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ توپىلىق يولنىڭ ئويمان-دۆڭ،
ئەگرى-توقايلىقىغا باقماي ئەڭ تېز سۈرئەتتە ھەيدىدى. ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن
مۇزدەك شامالدا كاللىسى ئاستا-ئاستا سەگگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە «مەن
نېمە قىلدىم؟ ساراڭ بولدۇممۇ؟» دەپ پىچىرلايتتى، ئۆز-ئۆزىنى تىللايتتى. ئۇ توپىلىق
يولدىن چوڭ يولغا بۇرۇلۇپ چىقىشىغا تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان بىر يۈك ئاپتوموبىلى ئۇنى
سوقۇۋەتتى. ماشىنىنىڭ قاتتىق سوقۇشى بىلەن سەردار توپتەك قاڭقىپ يول بويىدىكى
قۇرۇق ئۆستەڭگە ئۆرۈلگەن تامدەك «گۈپپىدە» چۈشتى. تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان
ئاپتوموبىل قاتتىق تورمۇزلاشتىن چىرقىراق سەت ئاۋاز چىقىرىپ ئون نەچچە مېتىر يەرگە
سىيرىلىپ بېرىپ ئاندىن توختىدى.

ئەس-ھوشىنى يوقاتقان شوپۇر كابىنكىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن زىلۋا بوي
بىر قىز چۈشتى. ئۇلار ھودۇققىنىدىن ئۇ يەر، بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ، ئاخىرى سەردار
بار يەرنى تاپتى. سەردارنىڭ تىنىقى تېخى توختىمىغانىدى. ئاجىزانە ئىڭرايتتى. شوپۇر
يىگىت سەردارغا تىكىلگىنىچە پۇتلىرى بوشىشىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ «ئاھ

خۇدا، ئۇلۇغ خۇدا...» دەپ پىچىرلىغىنىچە سەردارنى ئاستا قۇچىقىغا ئالدى. سەردار نۇرسىز كۆزلىرىنى شىپىلدىتىپ شوپۇر يىگىتكە قاراپ:

— مېنى يۇرۇنراق سوقۇۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟... — دېدى.

بىراق ئۇنىڭ ئاۋازى بەك تۆۋەن بولغاچقا شوپۇرمۇ، ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ ئاڭقىرالمىدى. شوپۇر يىگىت توختىماي ئاھ ئۇراتتى. بىردە سەردارغا، بىردە ئۇياق-بۇياققا قارايتتى. نەچچە مىنۇت ئۆتمەي سەردارنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسايدى...

## 12

گۈلرو ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆچۈپ كەلگەن يېڭى ئۆيدە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. تاشقىرقى ئۆيدىكى ئۆگەي ئانىسى قورقۇمسىراپ ئۇنى چاقىردى:

— قىزىم گۈلرو ...

— يەنە نېمە گەپ؟ زادى ئادەمگە ئاراملىق بەرمەيدىكەنسىلەر، ئەجەب بىئۇ تويدۇم... — گۈلرو ئاپىسىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا قەھرلىك ۋارقىرىدى. گۈلرو ئاتا-ئانىسىغا ھېچقاچان بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانىدى. گۈلرونىڭ ئاتىسى ئەمدى قىزىغا قاتتىق بىر گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىشىگە، گۈلرونى ئىزدەپ كەلگەن ئادەم ئۇنى توسۇپ ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— گۈلرو، كىرسەم بولامدۇ؟ سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى، — گۈلرو ئۇ كىشىنىڭ ئاۋازىدىن مۇئاۋىن دىرېكتور ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— كىرىڭ.

— مۇنداق ئىش ئىدى گۈلرو، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلگەن ھالدا، — مەن بۈگۈن بىرىنچىدىن، ئاتا-ئانىڭىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىڭىزمۇ، يەنە قىيىنچىلىقىڭىز بارمۇ-يوق، بىلىپ باققىلى ئەھۋال سوراپ كەلدىم. ئىككىنچىدىن، خەۋىرىڭىزدە بار، دىرېكتور يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ بالنىتسىدا يېتىپ قالغىلىمۇ بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. بىز تەشكىلدىن ئويلىشىپ دىرېكتور بالنىتسىدىن چىققىچە سىزنى ئۇنىڭغا قاراشقا بەلگىلىدۇق.

— مەن بارمايمەن! — گۈلرو ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟ بارمايمەن دەۋاتامسىز؟ مۇشۇنداق سۆز قانداق ئاغزىڭىزدىن چىقتى؟ كىم سىزنى سەھرايى چۆلدىن بۇ ئىدارىگە ئورۇنلاشتۇردى؟ كىم سىزنىڭ قېرى، بوياتاق ئاتىڭىزنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويدى؟ سىز ...

— جېنىم مۇئاۋىن دىرېكتور، ئۇ ئوغلىنىڭ شۇ كۈنى مېنى ئىزدەپ بېرىپ قايتىشىدا ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپتۇ. مەن بارسام قانداق بولىدۇ؟ ...

— تولا باھانە-سەۋەب كۆرسەتمەي، مەن بىلەن مېڭىڭ، دوختۇرخانىغا بارمىسىڭىز بولمىسا...

گۈلرونىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ھېچ ئىشنى چۈشەنمەي گۈلروغا نەسىھەت قىلىشتى.

ئۇلار دىرېكتور ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئايرىم ياتاققا كىرگىنىدە دىرېكتور كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئوڭدىسىغا يېتىپ بوشقىنە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار ئاستا كېلىپ كارىۋاتنىڭ

قېشىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. دىرېكتور ئورۇندۇقنىڭ بوشقىنە غىچىرلىغان ئاۋازىدىنمۇ ياكى چۈشى بۇزۇلغانلىقىنمۇ ئېيتاۋۇر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن گۈلرونى كۆرۈپ چۈشۈمۇ، ئوڭۇمۇ دېگەندەك يىراقتىكى ئادەمگە قارىغاندەك زەڭ قويۇپ قاراپ قالدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ گۈلرو سىلىگە قارايدىغان بولدى. ياخشى دەم ئالسىلا، مەن قايتاي، — دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور بىرمۇنچە ئەھۋال سوراش، تەسەللى بېرىشلەردىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ يەنە گۈلروغا دىرېكتورغا ياخشى قاراش ھەققىدە نەسھەت قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. گۈلرو ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. شۇئان ئىككىيلەنلا نەزەرنى باشقا ياققا يۆتكىدى. گۈلرو يەرگە قارىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ «پاكىزە» يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى مىڭ تەستە تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. دىرېكتور ئۇلۇق بىر تىندى.

— سىزنى قىزىم دېسەم بولامدۇ؟ — دىرېكتورنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىدىن بىر خىل ئەندىشە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گۈلرو بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ دىرېكتورنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق سورىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. گۈلرونىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى.

— مەن سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى گۈلرو ئىسەدەپ.

— ئۇنداق دېمەڭ قىزىم... ئاھ، بىچارە ئوغلۇم، بەختسىز ئوغلۇم... — دىرېكتور ئىككى قولىدا بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ كەتتى. ئەمدى گۈلرونىڭ كۆز يېشىمۇ يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

## 13

قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە گۈلرو ئوتتۇز ياشلاردىكى ئېگىز بوي، قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ تاغ باغرىدىكى قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تاغ باغرىدىكى زومچەك-زومچەك قەبرىلەرنى ئېھتىيات بىلەن ئارىلاپ ئۆتۈپ، تاغ قاپتىلىغا يانمۇ-يان قويۇلغان ئىككى قەبرە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ قەبرىلەرنىڭ بىرى سەردارنىڭ، يەنە بىرى بوۋىسىنىڭ ئىدى. بۇ ئىككى قەبرىنىڭ تولۇق باغلىنىپ ئاپئاق ئاقارتىلغىنىغمۇ ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالغانىدى. گۈلرو يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. يىگىتمۇ شۇئان يۈكۈندى. گۈلرو ھېچقانداق ئايەتنى بىلمەيتتى. لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا دۇئا قىلاتتى. ياخشىلىقلارنى تىلەيتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى، قىياپىتى، پۈتكۈل روھىي ھالىتى چەكسىز سەممىي، ئاجايىپ ئەستايىدىل ئىدى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. يىگىتنىڭ پۇتلىرى تېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ئايەتنى تەكرار-تەكرار ئوقۇپ بولدى. بىراق گۈلرو تېخى ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

كۆز شامىلى چىقماقتا ئىدى. ئاجىز تەنلەرنى قامچىلايدىغان رەھىمسىز سوغۇق شامال دەسسىلىپ، ئېزىلىپ كەتكەن، سارغايغان ياپراق پارچىلىرىنى ھەريان ئۇچۇراتتى... يىگىت پات-پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا گۈلروغا قاراپ قوياتتى. گۈلرو سوغۇقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى بارغانچە ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى جالاقلاپ تىترەيتتى...

گۈلرو ھەمراھى بىلەن ئۆز ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندە مېھمانخانىنىڭ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. يىگىت گۈلروغا بىر ئىستاكان ئىسسىق چاي قۇيۇپ بەردى.

— ئىككى-ئۈچ ئۇتلۇۋېلىڭ، تېنىڭىزگە ئازراق بولسىمۇ ئىسسىق ئۆتسۇن. سوغۇقتىن لەۋلىرىڭىز كۆكىرىپ كېتىپتۇ ، — يىگىت گۈلرونىڭ باغرىنى بېسىپ، لەۋلىرىگە سۆيۈپ، ئىسسىتىپ قويماقچى بولدى-يۇ، يەنە گۈلرونىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقان چاغدا رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

گۈلرو چايدىن ئىككى ئۇتلاپ يىگىتكە قارىدى. يىگىتنىڭ ساماندەك سارغايغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆز چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى بولغاي، يىگىتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ بويىندىن قۇچاقلاپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى :

— سەردار تولىمۇ ياخشى ئىدى، قەييۇم، ساتتار، ئەكبەرلەرچۇ-تېخى!

— شۇنداق سۆيۈملۈكۈم، ئۇلار ھەممىسى ياخشى ئادەملەر ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ قەييۇم، ساتتار، ئەكبەر ئۈچەيلەن كىرىپ كەلدى. گۈلرو يىگىتنىڭ قويىندىن ئاجراپ ئۇلارغا يۈزلەندى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار .

ئۇلار ئورنىدا تۇرۇۋەردى. ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىدىن بايا گۈلرونى قۇچاقلىغان يىگىتنى چاپناپ يۇركۈۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. گۈلرو تەمتىرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ، بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىقلىنىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ھەممە تەييارلىق ئىشلىرىنى ناھايىتى مەخپىي بېجىرىپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشمايلا كەتمەكچى ئىدى. مانا ئۇلار يەنىلا گۈلرونىڭ ياپونىيىگە كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ.

— ھە راست، تونۇشۇپ قېلىڭلار، بۇياق ياپونىيىلىك شەنبىن سىلاك بولىدۇ. بۇ ئۈچەيلەن...

شەنبىن سىلاك سەممىي دوستانىلىق بىلەن قەييۇمغا قولىنى ئۇزاتتى. بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدى. شەنبىن سىلاك چوڭ بىر كاپىتالىستنىڭ ئوغلى ئىدى. ياپونىيىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتى. ئۇ بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى گۈلرونى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ گۈلرونى دەپ شىنجاڭغا يەتتىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى.

— سىز مۇشۇ كىشى بىلەن توي قىلماقچىمۇ؟ سىز...

— مەيلى، سىزغۇ بۇ بايۋەچچە بىلەن توي قىلىپ بەختلىك بولۇپمۇ قالارسىز. لېكىن سىزنىڭ بالىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇلار يا توز ئەمەس، يا توخۇ ئەمەس، نېمە بولىدۇ زادى؟!

— ئېيتىڭە ، بىز ئۈچىمىزغۇ لايىقىڭىز ئەمەس، بىراق شۇنچە چوڭ يۇرتتا سىزگە لايىق كەلگۈدەك بىرەر يىگىت چىقماسمۇ؟...

— مەن ... مەن ئۈچىڭلارنىلا ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق ياخشى كۆرىمەن. بىراق مېنى كەچۈرۈڭلار... سەردار مېنىڭ سەۋەبىمدىن قازا تاپتى... مەن ئۇ ماڭغان، تۇرغان جايلارنى كۆرسەملا روھى كۆز ئالدىمدىلا پەيدا بولىدۇ. مەن

ئەمدى بۇ يۇرتتا بىر كۈنمۇ تۇرالمايمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىن سىلەر مېنى چۈشەنگەندە ماڭا تىكىلگەن ئەيىبلەش نەزەرىڭلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. چۈنكى مەن...

قەييۇم، ساتتار، ئەكبەر گۈلرونىڭ ئەيىبكارلارچە يىلىنىش تەلەپپۇزىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىچارە ھالىتىنى، سۇلغۇن، مىسكىن چىرايىنى، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىنى كۆرۈپ غەزەپ-نەپرىتى سەل پەسكويغا چۈشتى. گۈلروغا ئىچى ئاغرىدى. ھېسداشلىقى قوزغالدى.

— بولدى قىلىڭ گۈلرو، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بىز سىزنىڭ بۇنداق قاتتىق ئازابتا قالغانلىقىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمىز.

— سۆزىمىزنى ئاڭلاڭ گۈلرو، چەت ئەلگە ھەرگىز چىقماڭ.

— مەن، مەن نېمە دېسەم بولار... — گۈلرو قانداق قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ بىردە شەنبىن سىلاڭغا، بىردە قەييۇملارغا قارايتتى. ئۇ ئىلگىرى بۇلارنى خۇددى ئۆزۈمنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىمەن دەپ ئويلايتتى. بىراق بۈگۈن ئۇلارنى يەنىلا ھەقىقىي، تولۇق چۈشىنىپ بولالمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇلار بىلەن ئۆزى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلار كاللىسىدا بىراقلا ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— بىز سىزدىن ئايرىلالمايمىز. بىز بىلەن مېڭىڭ گۈلرو...

گۈلرونىڭ كۆز قارىچۇقىنى ياش پەردىسى توسۇۋالغانىدى. ئۇ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغاندەك، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك غۇۋا، گۇڭگا بىر خىل تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئالدىغا سىلجىدى. ئۇلارغا يېقىنلاشتى...

شەنبىن سىلاڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى قەييۇم، ساتتار، ئەكبەرلەر گۈلرونى قۇچاقلىغان، توغرىسى گۈلرو، ساتتار، قەييۇم، ئەكبەر تۆتىسى خۇددى مەڭگۈ ئايرىلمايدىغاندەك بىر-بىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغانىدى...

---

(بېشى 94-بەتتە)

بىر قولۇمدا ئاستا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتۇم ۋە يەنە بىر قولۇمدا ئۇنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلىدىم. لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتىم. مەن نى-نى قىزلارنى شېرىن سۆزلىرىم بىلەن ئالداپ ھاياجانلانغان چاغلىرىدا قۇچاقلايتتىم. ئۇلار قۇچاقلىشىم بىلەن تەڭ قارشىلىقلىرى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ باراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ كېلىشكەن چىراي-تۇرقۇم بىلەن بىرەر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە تېخى ئېرىشىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئېرىشىش تەس بولۇشى مۇمكىن بولغان بۇ قىزنىمۇ ئۆزۈمگە ئىشەنگەن ھالدا قۇچاقلىدىم. چاڭگىدە تەككەن تەستەكتىن ھەيرانلىقتا داڭ قېتىم تۇرۇپ قالدىم، مەن نى-نى قىزلاردىن دەككە يەپ يۈزۈپمۇ شاللاقلىقىمنى تاشلىمىغاندىم. ئايگۈلنىڭ بىر تەستىكى قەلبىمنى لەرزىگە كەلتۈردى. يىگىتلىك غۇرۇرنى ھېس قىلدۇردى. ئايگۈل ئاشۇ غۇرۇرى بىلەن گۈزەل بىر قىزغا، مەن غۇرۇرسىزلىقىم، شاللاقلىقىم بىلەن قەلبىنى «تاتۇق» بېسىپ كەتكەن مېيىپتەك ھېس قىلدىم.

# يول، پۇل، گۈزەل ئارزۇلار

## (ئەدەبىي ئاخبارات)

### تۇنىياز ئىمىن

ئەكلىماكان ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ خىلۋەت، جىمجىت ماكاندىكى ئادەملەرمۇ زامانىنىڭ ھازىرقى ئىلگىرىلەش دولقۇنىغا قۇلاق سالدى. ھەرگىزمۇ چۈش كۆرۈپ ياتمىدى. بۇ ئادەملەردە قانداقتۇر تەگرىتېغىدەك تەمكىنلىك، كۈچ-جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەگرىتېغىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۈيىنى ئىچىدۇ. ئۇلاردا تارىم دەرياسىنىڭ ئۆركىشىدەك ئىلگىرىلەش تۇيغۇسى بار. بۇ ئادەملەر تەگرىتېغىنىڭ سۈيىگە قانمىسا ئانا زېمىنىنىڭ باغرىدىن چىقىپ يەنە ئانا زېمىن تۇپرىقىغا سىڭىپ كېتىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ھايات كۆچۈرىدۇ.

بۇ يۇرت ئەھلىنىڭ ئادەتتىكى تىرىكچىلىك يولى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقلا ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق «چەكلەنگەن رايون» بۇزۇپ تاشلاندى. ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باي بولۇش، تەرەققىي قىلىشنىڭ تۈرلۈك يولىنى ئاچتى. ئۇلار شاڭخەي، بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېن، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىن تۈرلۈك-تۈمەن خىلدىكى ماللارنى يۆتكەپ كېلىپ، چۆللۈكتىكى بۇ كىچىك يېزا بازىرىنى ئاجايىپ ئاۋاتلاشتۇرۇپ جانلاندۇرۇۋەتتى. بۇرۇن بىر بوتۇلكا ھاراق ئۈچۈنمۇ كىشىلەر بىر كۈن يول يۈرۈپ ناھىيە بازىرىغا بېرىشقا توغرا كەلسە، مانا ئەمدى بۇ بازاردىن داڭلىق مەھسۇلاتلارنىمۇ، زامانىۋى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ، چەت ئەل ماللىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدىغان بولدى. بۇ دەل كۈچا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىن يەتمىش كىلومېتر يىراقلىقتىكى خانىقتام يېزىسى ئىدى.

### ھايات يوللىرى

قۇتى ئاكا 1978-يىلى ئۆز ئوغلى ئەركىننى يېزىلىق سەنئەت ئۆمىكىدىن چىقىرىۋالدى. كۆزلىرىدىن كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد-ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇرغان قۇتى ئاكا مۇشۇ دەۋرنىڭ پارلاق ئەتىسىنى توغرا مۆلچەرلىگەنىدى. بالىسى ئەركىننى مۇستەقىل، ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشتەك تۇرمۇش تەربىيىسى بىلەن بىر يول تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەركىن دادىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بىلەن خانىقتام بازىرى ئىچىگە بىر ۋېلىسىپىت رېمونت دۇكىنىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى ئاران قامدىدى. ئەمما ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت قىلمايتتى. ھامان بىر چاغدا چوڭ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكى ئۇنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ شۈكرى-قانائەت دېگەننى ئارقىغا چېكىنىش، ھالاكەتكە تەن بېرىش دەپ قارايتتى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن 19 ياشلىق، ھېچ ئىش كۆرمىگەن ساددا قىز گۈلباھار بىلەن توي قىلدى. گۈلباھار

جەمئىيەتتە قەدەم باسقان يىللار بازار قويۇۋېتىلگەن يىللار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى ھېچ ئىش قىزىق تۇيۇلمىدى. چۈنكى بىر ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا بەكمۇ تەسىر قىلغانىدى. ئۇ، 1978-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى غەلبىلىك تاماملاپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتتى. مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قالغان خانقىتامدەك يېزىلاردىن بىرەر بالىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشى، «سولايمان-نىڭ خەزىنىسىگە ئۇچرىغاندەك» قالتىس مۆجىزىلىك بىر ئىش ھېسابلىناتتى. گۈلباھار بۇ خەۋەردىن چەكسىز شادلانسا، تۇرۇپ يەنە خۇددى باشقا بىرسىنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭكىگە ئالمىشىپ كەتكەندەك زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، بۇ خەۋەر-نىڭ راستلىقىغا قىل سىغمايتتى. ئۇ شۇ قەدەر خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا چۆمگەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈزگىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

ئۇيدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ سەپەر جابدۇقلىرى-غا تۇتۇش قىلىپ، يېڭىدىن يوتقان-كۆرپە، كىيىم-كېچەكلەرنى تەخلەپ چاقىرىقنىلا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتۈۋەردى. بىراق، چاقىرىقتىن تېخىچە ئەسەر يوق ئىدى. گۈلباھار شۇنداقتىمۇ چاقىرىقنىڭ كەلمەي قالمايدىغانلىقىغا ئىشە-نەتتى. ئۇ داۋاملىق كۈتتى. شۇغىنىسى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا چاقىرىق كەلمەي قويدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى بەربات بولدى. بىلىمگە تەشنا مەسۇم قەلبى ئەلەمدىن پارە-پارە بولۇپ كەتتى. ئىلىم-ئىرپان كۆكىدە پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان بىر جۈپ يۇمران قانىتى تەقدىرنىڭ شەپقەتسىز قوللىرىدا قويماي يۇلۇپ تاشلاندى...

كىشىلەر ئارىسىدا خىلمۇخىل غۇلغۇلا بولۇشتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشسا، يەنە بەزىلەر مازاق قىلىپ كۈلۈشەتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئوقۇشقا بارالماسلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. كۆيۈنۈپ ئېيتىلغان ھېسداشلىق سۆزلىرىمۇ، مەسخىرىلىك تاپا-تەنىلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئازابىنى كۈچەيتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ نېمىشقىدۇر يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، باشقىلاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ يوسۇندا بىرنەچچە يىل ئۆتتى. تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش، يولدىشى ئەركىن-نىڭ قىزغىن مۇھەببىتى ئۇنىڭغا قايتىدىن ئۈمىد بېغىشلىدى.

ئۇ ئەركىننىڭ كىچىك بوتكىسىنىڭ غەللە ساندۇقىدىكى پۇللارنى يىغىپ ئاپىسى بىلەن شەھەرگە كىردى. بازاردىن قەنت-ناۋات، پايپاق، ياغلىق، يىپ-يىڭنە... دېگەندەك ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، بازار دوقمۇشىغا بىر كارىۋات قويۇپ تىجارەت باشلىدى. بىر مەزگىل ھاردىم-تالدىم دېمەي قاتناپ يۈرۈپ مال توشۇپ ئەكىلىپ ساتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن خېلىلا تىرىلىپ قالدى. قولىمۇ پۇل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا دەسمايىسى-نى ئاۋۇتۇپ، مالنىڭ تۈرىنىمۇ كۈندىن-كۈن-گە كۆپەيتتى.

بىر قېتىم ئۇ شەھەردىن خانقىتامغا خىزمەتكە چىققان كىشىلەر بىلەن ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، ھەتتا تاماكىنىمۇ شەھەردىن سېتىۋالىدىغانلىقىنى، خانقىتامدا ئۇنداق نەرسىلەرنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەمدىلا تىجارەت باشلىغان گۈلباھارغا بۇ گەپ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە

« ئىمىشقا ئۇنداق نەرسىلەر بۇ يەردە بولمايدىكەن...» دېگەن سوئالنى قويدى.

گۈلباھار شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرمۇشتىكى ھەر خىل لازىملىق نەرسىلەرنى دۇكىنىغا سالدى. ئالايىتەن شەھەرگە بېرىپ ئەكىلىدىغان نەرسىلەر ئەمدى خانقىتام بازىرىدا ـ گۈلباھارنىڭ دۇكىنىدا بار بولدى. ئۇ بۇ يول بىلەن يىل ئۆتمەيلا بىر قانچە مىڭ يۈەن پۇلغا ئىگە بولدى... ئۇ ئەمدى ھەقىقىي بىر قايناق ھايات يولى تالىلىۋالدى.

## خاتا بېسىلغان قەدەم

1983 ـ يىللاردا مەملىكەت خاراكتېرلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش دولقۇنى قوزغالدى. يامان ئادەملەرمۇ، ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەيۋاتقان ياشلارمۇ، تېخى ياخشى-يامانىنى پەرق ئېتەلمەي يۈرگەن گۆدەكلەرمۇ بۇ بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئەركىن ئاشۇ چاغلاردا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك «كوچا ياشلىرى» نىڭ قارىسىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالدى. ئۇ ئاخىرى «تانكا ھەيدەش» * بىلەن شۇغۇللىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇن ئايلىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بېرىپ قالدى. ئەمدى بۇ يولدا ماڭمايمەن دەپ قانۇن تورىدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ ھۆكۈم دېگەن ھۆكۈم، ئۇنى ئىجرا قىلماي بولمايدۇ. ئۇ ئەمدى جەمئىيەتنىڭ، ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى لەنەت قامچىسى بىلەن قانچە ساۋىسىمۇ رازى ئىدى. ئۆزىگە بىر

ئۆمۈر نەپرەت تامغىسى بېسىلدى دەپ قاتتىق روھىي ئازاب چەكتى. ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئوقۇماسلىقتىن كېلىپ چىققان نادانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى. ئايالى يۈم-يۈم يىغلاپ ئۇنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلدى. جاھان قاراڭغۇلىشىپ ھەممە نەرسىلەر تۇتۇق كۆرۈنگەندەك، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىشىپ مەسخىرە قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

## يېڭى يول، يېڭى قەدەم

ئەركىن قۇتى ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئانا سەھرانىڭ ئىللىق قوينى ئۇنىڭغا يەنە قۇچاق ئاچتى. گۈلباھار ئۇنى يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەندەك قىزغىن، خۇش چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى چوڭقۇر بىر سىرنى يەشمەكچى بولغاندەك بىر نۇقتىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلەتتى. ئۇ ئەمدى ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى، ئۆزىنى قانداق قىلسا جەمئىيەتتە ئاقلىيالايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاۋاتقاندەك بىرقانچە كۈنگىچە سىرتلارغا چىقمىدى. ئۇ ئەمدى يېڭىچە ئادەم بولماقچى، ئەمدى بۇ ئىلگىرىكى ئەركىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭىدى. ئەل ئۈمىدىنى ئاقلاش، ئەلگە ئۆچمىگۈدەك بىر چوڭ ئىش قىلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى يۇيۇش ئىستىكى ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىخ سۈردى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئاغزىدا شەھەر

* تانكا ھەيدەش ـ قىمارۋازلارنىڭ كەسپىي سۆزى.

ئالدىغان پوچىلىق، ئابرويپەرەسلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئون ئاي ئىلگىرى ئۆزى تاشلاپ قويغان ئىشنى باشلىۋەتتى.

## ھەرىكەت ئېلىپ كەلگەن بەرىكەت

باھا دەسلەپ قويۇۋېتىلگەن، جەمئىيەت تېز قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان 1986-يىللىرىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئەتىگەن ئەركىن ئايالى گۈلباھارنى سودا دۇكىنىغا مېڭىشتىن توسۇۋېلىپ:

— ئەمدى بىز قوشۇمچە يەنە بىر يول تۇتايلى، مەن مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى گۈلباھارغا مەسلىھەت سېلىپ.

— ھە، قېنى دەڭ ئورتاقلىشايلى، — دېدى گۈلباھار دەرھاللا.

— گۈلباھار، ئەمدى يانچۇقتىكىنى يىغىپ بورداقچىلىق قىلايلى، قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدى گۈلباھار باش لىڭشىتىپ.

ئۇلار ئالدى بىلەن ئون قوي ئېلىپ بورداندى. شەرت-شارائىت، مۇھىت ئۇنى رېمونتچىلىق دۇكىنىنى تاقاپ قويۇشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ قويلارنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ باقتى. ئون قويىنى 2400 يۈەنگە ساتتى. كېيىن بار-يوق ھەممىنى يىغىپ 30 قوي ئالدى. بۇنىڭدىن 5 مىڭ يۈەن پايدا قالدى... ئۇنى يەنە ئايلاندۇردى. پۇلنى پۇل تاپىدۇ دېگەن راست گەپ ئىكەن. ئۇلار بىر كۆزى يەتكۈدەك تىجارەتچىلەردىن بولۇپ قالدى.

تېخى ئەمدىلا تىجارەت يولىغا ماڭغان گۈلباھار بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بەردى، سودىدا ئادىل بولدى. مۇلازىمەتتە خېرىددارلارغا بولغان مۇئامىلە سەنئىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن بازاردىكى زور كۆپچىلىك خېرىدارلارنى جەلپ قىلىۋالدى.

خانقىتام يېزا-كەنتلىرىدىكى 500 دىن ئارتۇق خەنزۇ گۈلباھارنىڭ كۈندىلىك خېرىدارى بولمىسىمۇ، مۇقىم چۆپقىتى بولۇپ قالدى. چۈنكى گۈلباھارنىڭ دۇكىنىدا خەنزۇلار ياخشى كۆرىدىغان ھەر خىل يېمەكلىك، بۇدۇنە تۇخۇمى، جاڭيۇ... قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار.

بىر قېتىم گۈلباھار بىلەن شەھەرگە مال ئالغىلى كەلگەن باشقا سودا-سېتىقچىلار «ھەي گۈلباھار، سىز بەكمۇ ئەخمەقكەنسىز، سىز سودا ئىشلىرىنى تازا ئۇقمامسىز-نېمە؟ بۇ خەنزۇلارنىڭ نېمىسىنى كەم ئالىدۇ. بىز دېگەن مۇسۇلمان بەندىسى. ھاراق-تاماكا ساتساق يامان بولامدۇ...» دېگەندەك مەسخىرە ئارىلاش گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ مال ئېلىشىنى توسىدى. گۈلباھار «سىلەرنىڭ مېنىڭ مال ئېلىشىم بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، سىلەرمۇ قايسى مالنى ئالساڭلار ئېلىۋېرىڭلار. مەنمۇ ئۆزۈم بىلگەن يولدا ماڭاي» دېدى ئۇلارغا جاۋابەن. ئۇلار باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ھاجەتمەنلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بىر ئىش دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ھەممىلا ئادەم ئوخشاش ئىدى.

*

تەبىئەت ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىنى بۇ كەڭ زېمىنغا كۆرسەتتى. بۇ مۇنبەت تۇپراق ئۆز ئادەملىرىنىڭ مېھنىتىگە يارىشا مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى... ئۇلارغا ئەمدى قوي، كالا بورداشقا ئوبدان كەڭرى جاي بولمىسا بولمايتتى. ئۇلار قولىدىكى ھەممىنى جەم قىلىپ 1987-يىلى باھاردا بازار ئېچىگىلا بىر يۈرۈش كەڭرى، ئازادە ئۆي سېلىۋالدى. قوي، كالا بورداشقىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن راسلىۋېلىپ، قوي-كالىنى كۆپەيتىپ باقتى. گۈلباھار جانلانغان سودا دۇكىنىدا مۇنتىزىم تۇردى. قويلار تازا سەمرىگەن كۈنلەردە ئەركىن بىلەن گۈلباھار يازنىڭ ساپ ھاۋالىق بىر ئەتىگىنى تال باراڭلىق ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، قېنىق دەملەنگەن چاي بىلەن ناشتا قىلغاچ سەھرانىڭ تەنگە داۋا ھاۋاسىدىن راھەتلەندى. ئۇلار سەمرىگەن قويلارغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى. يەملەرنى بەس-بەستە تالىشىپ يەۋاتقان قويلار ئۇلارنىڭ ئەجرى بەدىلىگە پايدا يەتكۈزىدۇ...

— ھەي گۈلباھار، قويلار ئوبدان سەمرىدى، ئەمدى بۇ قويلارنى بازارغا ئاپارماي ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلايلى، — دېدى ئەركىن، — ھازىر ئورما ئاخىرلاشتى. بىز تۇغقانلارنىڭ باللىرىدىن بىرىگە سىزنىڭ دۇكىنىڭىزنىڭ ئالدىغا بىر كاۋاپ دۇكىنى ئېچىپ، قوينى سويۇپ ئېسىپ بېرەيلى، كاۋاپ قىلسۇن. مەن بىر تەرەپتىن كالىلارغا قارىغاچ بازاردىكى پۈتۈن ئاشخانىلار بىلەن توختام تۈزەي، گۆشنى جىڭلاپ ئۆتكۈزەي. قانداق؟

— بولىدۇ ئەركىن، كالىلىمۇ چاقماي، چىشمۇ چاقماي بىراقلا قولدىن چىقىرىدىكەنمىز: باھا تالىشىپمۇ ئولتۇرمايدىكەنمىز. تازىمۇ ياخشى گەپ بولدى بۇ، — دېدى گۈلباھار.

ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇسۇلنى قوللىنىۋىدى، ھەقىقەتەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئۇنۇملۈك كۆرۈلدى. قوينۇڭدىن ئاقسا قونجۇڭغا دېگەندەك تۇغقانىنىڭ بالىسىغىمۇ بولدى. بۇلار بۇ ھەرىكىتىنىڭ بەرىكىتىدىن ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىستاڭچىلىق بوتكىنى تاشلاپ، بازار دوقمۇشىدىن خىشتا سېلىنغان چوڭ بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ مال سىغماسلىق ھالەتكە خاتىمە بەردى. دۇكان ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان «ئىللىق باھار سودا دۇكىنى» دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلدى. بۇ خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ، دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئادەمنى ئىختىيارسىز ھالدا دۇكانغا بىر قېتىم كىرىپ ئۆتۈشكە ئۈندەيتتى.

## گۈزەل ئارزۇلار ئىشقىدا يانغان يۈرەك

ئۇلار ئەمدى ھايات توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كالا-قوي قوتانلىرىدا تېزەك-قىغقا مىلىنىپ تۇرۇپ قوي-كالا بورداۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئويلىشىپ قالدى. ئەمدى نورمال پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسىمۇ جېنىنى خاتىرجەم جان ئېتىبدىغۇ؟ ھاياتنىڭ ھەقىقىي لەززىتى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشتىلا ئەمەس. تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشتە. دەسلەپتە ئۇلار ئىككى نەپەر ئۇستا كىيىم تىككۈچى

ئۇستىكارنى تەكلىپ قىلىپ بىر ماشىنىچىلىق
كارخانىسى قۇرۇپ تىككۈچىلىك ئارزۇسىدىكى
باللارنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت
يارىتىپ بېرىشنى ئويلاشتى. ئەر-ئايال
تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ گۈزەل ئارزۇ، شادلىقى-
دىن دىلى يورۇپ كەتتى. بۇ پىلاننى
ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئارزۇسىدا 1989-يىلى
ئۆينىڭ بازارغا قارايدىغان كوچا تەرىپىنى
ئېچىپ ئىككىلا قولدا توتۇپ ئىشلەش ئۇسۇلى
بىلەن ھەم دۇكاننى، ھەم كالا-قوي
بورداشنى توختاتمىدى. ياز بويى كۆيۈپ-پە-
شىپ ئىشلەپ پىششىق خىش بىلەن ئوتتۇرىغا
چوڭ تۆمۈر دەرۋازا ئېلىپ، ئىككى تەرىپىگە
ئۈچ ئېغىزلىقتىن ئالتە ئېغىزلىق دۇكان ئۆي
سالدى. ئىشىك-دېرىزىلىرىنى سىرلاپ
تەييار قىلدى. بۇ جىمجىت سەھرانىڭ ھامان
بىر كۈنى ئويغىنىپ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش
ياسايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان
ئىدى. ھەشەمەتلىك بۇ قورۇ جاي ئۇلارنىڭ
ئۆتمۈشىنى بىلمىگەن ئادەمگە بىر خىل
سىر بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى
يۈكسەك پىلانلارنى ئۇقۇپ بېقىشقا قىزىقتۇرات-
تى. تىككۈچىلىك كارخانىسىغا مۇۋاپىق تىككۈچى
ئۇستامنى تاپالمىدى. شۇڭا ئىش كۈتۈپ
تۇرغان، ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئىشتىياقى بار
ياش قىز-ئوغۇل باللارغا ھۈنەر ئۆگىتىپ
قويۇش تىلىكى ۋاقىتنچە رېئاللىققا ئايلانمىدى.
ئەمما بۇ ئارزۇ ئىشقىدا يانغان يۈرەكنىڭ
ئوتى ھەرگىز ئۆچمىدى، بەلكى تېخىمۇ
لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. لېكىن بۇلار
بۇ دۇكان ئۆيلەرنى ھەرگىز بوش قويمىدى.
بىر دۇكانغا ياغ تارتىش ماشىنىسى قۇرۇپ
چىقتى، قالغان ئىككى دۇكانغا ئۇن تارتىش
ماشىنىسى بىلەن پاختا چىقىرىش ماشىنىسى
قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈردى.

ئۇلار كارخانا ئىگىلىكى يارىتىپ،
جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئىشسىز قېلىپ
تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن ئادەملەر-
نى، بىكارچىلىقتىن يامان يولغا مېڭىپ قېلىش
ئالدىدا تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇر-
دى. بۇ يېزىدىكى كۆپىنچە دېھقانلارنىڭ
مۇۋاپىق چىقىش يولى تاپالماي يەنىلا نامرات،
قول ئىلكىدە يوقلۇقنى نەزەرگە ئېلىپ
«ئەركىن قۇتنىڭ شەخسىي زاۋۇتىدا
ھەقسىز ئۇن، ماي تارتىمىز، پاختا چىقىرىمىز.
خېرىدارلار ئۈچۈن خالىس، ياخشى خىزمەت
قىلىمىز» دەپ ۋېۋىسكا ئېسىپ ئۆز ئەمە-
لىيىتىدە كۆرسەتتى.

## ئىنساني مۇھەببەتكە تولغان قەلبلەر

1992-يىلى كەچ كۈزدە ئىزغىرىن
شامال ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ سوغۇقتىن
ئادەم شۈركىنىدىغان بىر يەكشەنبە كۈنى
خانقىتام يېزىسىغا كەلگەن يولۇچىلار ئاپتو-
بۇسىدىن ئىككى ئەر، بىر ئايال خەنزۇ
يولداش يۈك-تاقىنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ
كەلدى، بۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ باقمى-
غانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى بۇ
يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىگە يات نەزەردە
قارىشۋاتقاندەك بىر خىل ئەندىكىش بىلەن
ئەتراپىغا قارايتتى. بىراق بۇ ئادەملەر بۇ
يۇرت خەلقى ئۈچۈن ھېچقانداق يوچۇن
ئادەملەر ھېسابلانمايتتى...

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ مانا بۇ

ئادەملەر ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە ئەركىن قۇتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەمدىلا قوي قوتىنىدىن چىقىپ غاز، كەپتەرلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان ئەركىن قۇتىنى كۆردى. ئەمما يېرىم ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن كىرىپ «خوجايىنىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟» دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالماي بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇشۇپ قالدى. ھېلىلا شەھەردىن ئەكەلگەن ماللارنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ دەرۋازا سىرتىدىكى قۇدۇقتىن سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەن گۈلباھار ئۇلارنى كۆردى. دەسلەپ خېرىدار بولسا كېرەك دەپ بەك ئېرەنسىمەيلا ئۆتۈپ كېتىپىراق ئۆزىگە قاراپ كەپ قىلالماي تۇرغانلىقىنى سەزگەن گۈلباھار:

— بىر كىمنى ئىزدەمسىلەر؟ — دېدى ئۇلارنى ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ.

— لاۋبەن ئەركىن قۇتىنى... بىز كۆرۈشۈپ باقايلى دەپ كەلگەنىدۇق، — دېدى يۇك-تاق كۆتۈرۈۋالغان ئوتتۇرا بوي كىشى.

— ھە، ئەركىن بار. مېڭىڭلار، ئۆيگە كىرىپ كۆرۈشۈڭلار، — دېدى گۈلباھار دەرۋازىنىڭ يەنە بىر قانىتىنى ئېچىپ ھويلىغا تەكلىپ قىلغاچ.

— ھە، نېمە ئىش؟ — دېدى ئەركىن.

— لاۋبەن، بىز سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمىز، — دېدى ھېيىققاندەك پەس ئاۋازدا يەرگە قاراپ، — سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئىشلەپ قالساق، دەپ كىرىشىمىز.

ئەركىن قۇتى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن لاپ قىلىپ گۈلباھارغا بىر قاراپلا «ئۆيگە كىرەيلى» دېدى. گۈلباھارمۇ «ھە، ئۆيگە كىرەيلى» دەپ قوش قاناتلىق ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى.

ئۇلار سەل ھەيرانلىق ھېس قىلدى بولغاي، ياكى سوغۇقتا بىرەر پاناھلىق جاي تېپىشنى ئويلىدىمۇ:

— لاۋبەن... سىز بىرنېمە دېسىڭىز، — دېدى. ئۇلارنىڭ چىرايىنى غەم-ئەندىشە قاپلىغانىدى. ئاۋازى تاقەتسىزلىككە تولغانىدى. كىيىملىرى يېلىڭ بولغاچقا سوغۇقتىن تىترەيتتى.

— ھە، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، بۇ گەپلەرنى ھويلىدا دېيىشمىسەكمۇ بولىدىغۇ، — دېدى ئەركىن قۇتى.

ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىللىغان بۇ كىشىلەر ئارتۇقچە تۇرۇۋت قىلمايلا ئۆيگە كىردى.

«بۇلار ئىشلەپ قالايلى، دەپ كەلسە قايتۇرۇۋەتسەك نېمە بولار؟ بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنىپ شۇ گەپنى دېيىش ئاسانمۇ؟ ئادەملىرىم تولۇق دېسەم، بۇلار يەنە كىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ؟ باشقا يەردە ئىش بار دېسەمچۇ. ياق، بۇلارغىمۇ ئىش چىقىپ قالار...» دېگەن خىيالنى يەنە بىر قېتىم كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى ئەركىن تاماقتىن كېيىن.

— ھە، نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— سىز قايسى ئىشقا قويسىڭىز شۇنى قىلايلى، — دېدى ئۇلار مۇلايىملىق بىلەن.

— ئۇنداقتا ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار بىر

تۈگمەننى باشقۇرسىلەر، بۇ ئىنىڭىز قويلارغا قارىسۇنمۇ؟

— بولىدۇ، — دېيىشتى ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ خۇشاللىقنى ئىپادىلەپ.

ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىمىن تېپىپ، قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ ئۇلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. قارا بوراندا قالغان كارۋان ساق-سالامەت مەنزىلگە يېتىۋالغاندەك كۆزلىرىدە خاتىرجەملىك، شادلىق ئۇچقۇنى پارلاپ كەتتى. ئۇلار بۇ شاپائەتچىنىڭ غەمخورلۇقىدىن قەلبى ئالەمچە شادلىققا تولغاندەك سۆيۈندى. كۆڭلىدە ئۇلارغا چىن يۈرىكىدىن قايىل بولدى. ئاپىرىن ئوقۇدى.

— لاۋبەن، بىز قايتايلى. ئەتىگىچە مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تاپالارمىزمۇ؟

— ھە، ئۆي دېدىڭىزمۇ؟ غەم قىلماڭلار. ئۆي مەندە بار. سىلەرگە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي چىقىرىپ بېرەلەيمەن. قازان-قۇمۇچ ھەممىسى تەييار. سىلەرنىڭ گۆش، ياغ، ئۇن، سەي-كۆكتاتلىرىڭلارنى مەن ئېلىپ بېرىمەن.

— ئۇنداق بولسا بەكمۇ ياخشى بوپتۇ، رەھمەت سىزگە، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ئۇلار چىقىشقا ئالدىراپ.

— بۈگۈن خېلى بالدۇر. ھازىرلا ئورۇنلىشىپ كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەركىن قۇتى ئۇلارغا ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ياق، بۈگۈن سىلەرنى ئاۋارە قىلمايلى. سىلەرگە كۆپ رەھمەت، بىز بۈگۈن...

— سىرتقا چىقىپ يېتىپ كېلىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار، — دەپ ئۇلارغا بىكار ئۆينى كۆرسىتىپ يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئالدى ئايال خوجايىن گۈلباھار.

ئاخىرى ئۇلار بۇ مېھرىبان شەپقەتچىلەر-نىڭ كېيىنى يېرىشقا پېتىنالمىدى ۋە ماقۇل كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولدى.

— گۈلباھار، يوتقان، كىگىز بېرىڭ.

— ماقۇل، ھازىر ئېلىپ چىقاي...

— ياق، ياق، ئۆزىمىزنىڭ يېتىدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى ئۇلار.

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا سىلەر مۇشۇ ئۆيگە ئورۇنلىشىڭلار، — دېدى ئەركىن قۇتى ئۇلارغا، — بىز ئەمدى ھەممىمىز بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرىدەك ئۆتىمىز، — دېدى ئەركىن قۇتى ئارىلىقتىكى ھەممە ياتسىراشنى تۈگىتىپ. بۇ ۋاقىتتا شەرقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تولۇنئاي ئۇلارغا بەخت، ئامەت تىلىگەندەك تەبەسسۇم بىلەن باقاتتى. چېھرىدىكى شادلىق كۈلكىسىدىن كۆزلىرى قىسىلىپ قالغانىدى.

## شەپقەتلىك قوللار

بۇ ياش كارخانىچىلارغا دەۋر ئىلھام، جەمئىيەت يول بەردى. كارخانىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كۆپلىگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. باج ۋە باشقا رەسمىيەتلەرنى تولۇق بېجىرىپ دۆلەتكىمۇ، خەلقىمۇ كۆپلەپ پايدا يەتكۈزدى. بورداق-چىلىق كەسپى، زاۋۇتلىرى، سودا دۇكانلىرى ئەمدى ئۇلارنى تېخىمۇ پارلاق ئەتە ئۈچۈن ئىشلەش مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى قوزغاتتى،

ئۇلارنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى. ياش ئايال كارخانىچى گۈلباھار 1993-يىلى ئۆكتە بىردە كۇچا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمە-سى يىغىنىدا شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى ئاياللىرىنىڭ «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەرىپە-دىن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە ماددىي بۇيۇم بىلەن تەقدىرلەندى. بۇ غەمخورلۇق، شەرەپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئىشەنچ، قىزغىنلىق، غەيرەت ئاتا قىلدى.

ئاقىللار پەقەت تەۋەككۇلچىلىك روھى بىلەن ئىش باشلىمىدىغاندۇ؟! ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ خۇددى تەملىك تاماق ئېتىش ئۈچۈن ھەممە خۇرۇچ تەييار بولۇش كېرەك بولغىنىدەك بۇ يولمۇ ئادەمدىن ھەم ئەقىل، ھەم جۈرئەت تەلەپ قىلىدۇ.

1991-يىلى ئەتىيازدا بۇ كارخانىچىلار دۇكاندىن، زاۋۇتتىن، قوي-كالا بوردا(شتىن كەلگەن كىرىمنى توپلاپ «بېيجىڭ» ماركىلىق ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالدى. ئەركىن قۇتى دادىسى پىشقەدەم شوپۇر قۇتى ئاكىسىدىن كىچىك ۋاقتىدا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغاچقا ماشىنىنى ئۆزى ھەيدىدى. ئۇ ماشىنا بىلەن شۇ يىلىلا توپ تارقىتىش دۇكىنى قۇردى. بۇ دۇكانمۇ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى. قوش قاتلاملىق بۇ ئىگىلىك راۋاجلىنىپ ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. ئۇ بېيىغاندا نامراتلارنى يۆلىدى. 1992-يىلى بالىلىرىنى ئوقۇتۇشتا دەررۇ پۇل قىيىنچىلىقى تارتىپ قالغان ھاجەتمەنلەرگە 3 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى ئېغىل ئۆيلەش قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگىمۇ پۇل، گۆش، ياغ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقتى. بىرقانچە دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا يوپۇق، ئوغۇت ئېلىپ تېرىلغۇ قىلىشىغا ئۈچۈن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى، ياكى پۇل ئىئانە قىلدى. يول تاپالماي تېڭىرقاپ قالغان بەزى كىشىلەرگە پۇلنى كېيىن قايتۇرىدىغانغا مال سېلىپ دۇكان ئېچىپ بەردى. داۋالىنىشقا پۇلى يەتمەي خەۋپ ئاستىدا قالغانلارغا پۇل ياردەم قىلىپ تۇردى. ئۆيىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتكە 3 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. ئۇلار بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئۆز كارخا-نىسىدا ئىشلەپ كەلگەن بەش نەپەر ئىگە-چاقىسىز يېتىم بالىلارنى پۇلنى ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلى قويىدى.

ھازىر بۇ ياش ئەر-ئايال كارخانىچىلارنىڭ قولىدا بازارنىڭ قايناق دوقمۇشىدا بىر سودا دۇكىنى، بىر سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى، ئۆز قورۇسىدا ھەر خىل تېپتىكى ئۈچ زاۋۇت، يۈزلەپ قوي-كالا، غاز، كەپتەرلىرى بار. يېقىندا ئۇلار ناھىيىلىك قەنت، تاماكا، توپ تارقىتىش شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ خانقىتام بازىرىدا چوڭ بىر توپ تارقىتىش دۇكىنى ئېچىپ ئىش باشلىدى. ئەمدى تىجارەتچىلەرنىڭ ئاتايىن شەھەرگە بېرىپ مال ئېلىپ كېلىشىنىڭ ئورنى قالمىغاندى. ئاشۇ يىراق چەت سەھرا ئۆز ئادەملىرىنىڭ كارامەتلىرىدىن مەمنۇن بولماقتا، چەكسىز ئېپتىخارلانماقتا ئىدى...

## خاتىمە

مەن سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا ياش كارخانىچىلارنىڭ قانداق ئارزۇ-تىلەكلىرىنىڭ بارلىقىنى سورىدىم.

— خەلققە، جەمئىيەتكە چوڭ-چوڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمىزمىكىن دەپ نىيەت قىلغان بولساقمۇ ھازىرغىچە ئانچە كۆپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىدۇق، — دەپ گەپ باشلىدى ئەركىن قۇتى، — پۇلمۇ تاپتۇق، پۇل تېپىش بىر گەپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلىش يەنە بىر گەپ. شۇڭا بىزنىڭ ھازىرقى پىلانىمىزدا بىر پەنەركە زاۋۇتى قۇرماقچى. تىككۈچىلىك كارخانىسى قۇرايلى دەپ قۇرالمىدۇق. جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان قىزلار ئۈچۈن بىر كىلەمچىلىك زاۋۇتى قۇرماقچى. بىز يەنە بىر كەسپىي مەكتەپ قۇرماقچى. بۇ ئاچماقچى بولغان كەسپىي مەكتەپتە ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن ھۈنەر-سەنئەتنى بىرلەشتۈرمەكچى. ھازىر مۇشۇ دىيارىمىزدا ئىگە-چاقىسىز، يېتىم-يېسىرلار، ئاجىز-مېيىپلار بار، ئۇلار ھەم مەكتەپتە ئوقۇيالمايدۇ، ھەم بىرەر ھۈنەر-سەنئەتنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ...

مەن ئەسەر قەھرىمانلىرىمىزنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن چوڭقۇر ھاياجانغا تولدۇم ۋە شۇنداق ئوغلانلارنى يېتىشتۈرگەن سەھراغا، ئاش-تۇز بەرگەن تۇپراققا، بېقىپ ئۆستۈرگەن ئاق چاچ ئانىلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتتىم.

پۇل، مال-دۇنيادىن جاھانغا ئادەمنىڭ نامى قالغان ئەمەس. شۇ پۇلنىڭ مەلۇم قىسمىنى خەلق ئۈچۈن سەرپ قىلغاندىلا ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ. شەجەرىسى خەلقنىڭ قەلبىگە، تارىخ بېتىگە يېزىلىدۇ. زېمىن ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ!

---

(بېشى 39-بەتتە)

ناخشا ۋە سازدىن نېمىشقىدۇر ئوغرىنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ تىترەپ كەتتى. ناخشا ۋە ئاپىرىدە قىلغان ئوتلۇق بىر سەزگۈ ئۇنىڭ قەلبىنى خۇددى ئارقا-ئارقىدىن ئىچىلگەن كۈچلۈك شاراپتەك لال-بىھوش قىلىپ، ئۇنى مەينەتچىلىك — پاسىقلىقمۇ، قارا نىيەتلىك ۋە ھايۋانىي تەلەپمۇ بولمىغان ئاجايىپ بىر گۈزەل دۇنياغا قايتىدىن تۇغۇۋاتاتتى...

ئوغرى ناخشا ۋە سازنىڭ مېھىرلىك تەلقىدىن ئۆزىنىڭ بوۋاقلىق چاغلىرىدىكى ئانىسىنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى، دادىسىنىڭ ئۇدۇل ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ مەردلىك، ئادىللىق ۋە پاك، ھالاللىق توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ئاجايىپ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇڭا ئىختىيارسىز كۆڭلى ئېرىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. سەبىيلىك ... قانداق ياخشى چاغلار-ھە؟ ئۇ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئالدىدا شۇنچىلىك ئەزىز ۋە مەغرۇر ئىدى. ھازىرقىدەك تەشۋىش، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچلار تامامەن يات ئىدى ...

ناخشا-سازنىڭ ئېتىقادقا ۋە ئانا سۆيگۈسىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك بىر سېھرىي كۈچى ئوغرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇ ئاشۇ كۈچنىڭ ئاتەشلىك ھارارىتى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھازىرقى روھى، مەۋجۇتلۇقى ئېرىپ يوقاپ كەتكەندەك، پاكلىنىپ قايتىدىن تىرىلگەندەك بولدى. ئۇ دېۋانىنىڭ ناخشا-سازىنىڭ ئۈزۈنغىچە، بەلكى ئەبەدىي داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى...

ئۇ دېۋانىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قەرزدار، ئۇنىڭغا ساخاۋەت ۋە ھىممەت كۆرسىتىشنى پەرز ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ يانچۇقىدا خېلى ۋاقىتتىن بېرى ساقلاپ يۈرگەن پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى دېۋانىنىڭ ئالدىغا بىراقلا تاشلىدى ...

# قىسقا ھېكايىلەر

توختى ئايۇپ

## سازەندە

سايىم ساتىراش يېشى سەكسەنگە ئۇلاشقان چاغدىلا ھاراق بىلەن تاماكىنى ئاران تاشلىدى. بۇۋاي ئەمدى ئاخىرەتلىكنى ئويلىمىسا بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بىر كۈنى ئۇزۇن يىل چالغىنىدىن سىرلىرى چۈشۈپ، دەستىسى ئەينەكتەك سىلىقلىنىپ ئاقىرىپ كەتكەن كونا ئىسكىرىپكىسىنى قېپىغا سالدى-دە، ئۆينىڭ تۆردىكى قوزۇققا ئېسىپ قويغان تەمبۇر بىلەن قوشۇپ قازناققا ئەكىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ساتىراشخانىدىمۇ، ئۆيدىمۇ ئۇنىڭ نە ئېيتقان ناخشىسى، نە چالغان مۇزىكىسى ئاڭلانمىدى. بىر ئۆمۈر ساتىراشنىڭ يېقىملىق ناخشىسىغا، تەمبۇر بىلەن ئىسكىرىپكىسىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈچى ئىزگۈ مۇڭلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان موماي ئۆيدىكى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىقتىن زېرىكىپ:

— ھاراق بىلەن تاماكىنى تاشلىغانلىرىڭغۇ قالتىس ساۋابلىق ئىش بولدى. ئەمما ساز-پازلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويغانلىرى بولمىدى. ئۇنى بىرزە-بىرزە ئاڭلاپ قويساق يامان كەتمەيتتى، — دېدى.

ئەمما سايىم ساتىراش قەتئىيلىك بىلەن قولىنى سىلكىدى:

— قېرىپ قالدۇق ... ئۇنى يەنە ئەلە-مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ بىر ئۆمۈر ناخشا ئېيتىپتىمەن، ساز چېلىپتىمەن، قىسقىسى ئارزۇ-ئارمانىمغا يېتىپتىمەن. ئويلاپ باقسام ئەمدى ياشلىقىمدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى خۇدايىمنىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەپ، خۇدا يولىنى تۇتىدىغان ۋاقتىم كەپتۇ. ناماز ئوقۇي ئانىسى، سىلىمۇ ئەمدى ناخشا-پاخشا، ساز-پاز دېگەن شەيتانىنىڭ بىر نېمىسىنى قويۇڭلا!

دەرۋەقە، سايىم ساتىراش راستىلا ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ مەسچىتكە چىقىپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى باشلىۋەتتى.

سوغۇق جاندىن ئۆتىدىغان قارا قىش كۈنلىرىنىڭ بىر سەھەرلىكى ئۇۋرىقنى كۆتۈرۈپ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتكەن سايىم ساتىراش خېلى بىر چاغقىچە يېنىپ كىرمىدى. موماي كۆڭلى ئاللىقانداق بىرەر كېلىشمەسلىكنى تۇيغاندەك ئەنسىرەپ تالاغا چىقىۋىدى، بۇۋاينىڭ تام تۈۋىدە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن زوڭزىيىپ ئولتۇرغان پېتى ئۇۋرىقنى كۆتۈرگەن ھالدا خۇددى سوغۇقتا قېتىپ قالغاندەك جىمجىت تۇرغىنىنى كۆردى. موماي ئەنسىزچىلىكتىن يۈرىكى ئېغىپ ئالدىراپ بۇۋاينىڭ يېنىغا كەلدى-دە، مۈرىسىدىن تۇرتتى:

— دادىسى .. ئەزانغا قۇلاق سېلىۋاتاملا؟ ...

— خەپشۇك ... ناخشا ... — شىۋىرلىدى سايىم ساتىراش مومىيغا كوچا بويىدىكى سىتولبىغا ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىنى ئىما قىلىپ، — ئاڭلىمىدىڭمۇ، نەقەدەر مۇڭلۇق؟! ... ھەي ئىست! ...

## بىچارە

مەن ھەببەنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ، ئوتۇن بازىرىدا ھارۋىسىدىكى ئوتۇننى ساتالماي يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا يېڭىدىن كۆچۈرۈلۈپ سولىشىپ قالغان گۈلدەك سالپىيىپ ئولتۇراتتى.

ئوتۇن بازىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا داغى، قاقشال، سۆكسۆك ئوتۇنلىرى بېسىلغان ھارۋىلار يىراقلارغىچە سوزۇلغانىدى. ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ يېنىغا چىقىرىپ قويۇلغان ئۇرۇق تاغىل ئىنەك ئالدىغا تاشلاپ قويۇلغان قۇرۇق قوناق شېخىنىڭ نېپىز يوپۇرماقلىرىنى ئاللىقاچان يەپ تۈگىتىپ، تاياقتەك يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلىرىنى تۇمشۇقىدا ئۇياق-بۇياققا مالتىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەببە ھارۋا شوتىسىدا ئولتۇرۇپ ئالدىدىن ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە پەرۋا-سىز ھالدا خالتىلىشىپ كالىنىڭ تىلىدەك ئۇزىراپ كەتكەن ئەمچىكىنى چىقىرىپ قۇچىقىدىكى بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى. تېخى بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا — ئۆزىنىڭ ئەتىرگۈل غۇنچىسىدەك نازاكەتلىك قامىتى ۋە گۈزەل رۇخسارى بىلەن ھەممە ئوغۇللار-نىڭ يۈرىكىنى لال-ئەسىر قىلغان بۇ قىزنى ئەمدىلىكتە بۇ ھالدا كۆرۈش قانداق ئېغىر؟ ئۇ چاغدىكى «قىرىق كوكۇلا» قىلىپ ئۆرۈۋالغان بوستان چاچلىرى ئەمدى شالاڭلاشقان. ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان پومساق مەڭزىدە تاتلىق كۈلۈش-لىرىدىن پەيدا بولىدىغان چوڭقۇر زىناقلىرى ئورنىغا كەچكۈزنىڭ تاتىراڭغۇ ئاسمىنىدەك خۇنۇك، ھېسسىياتسىز بىر ئىپادە قېتىپ قالغانىدى. ئالۇچىدەك لەۋلىرىنىڭ قېنى قېچىپ، گەز باغلاپ يىرىكلىشىپ كەتكەنى-دى. كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا، پېشانىسىگە تالا-تالا قورۇقلار ئىز تارتقان، بالىسىنى قۇچاقلىۋالغان قول بېغىشلىرى تالدەك ئىنچىكە-كىرىگەن، گۆشى قاچقان قولىنىڭ دۈمبىسىدى-كى ئىنچىكە تومۇرلار خۇددى ئەگرى-بۈگرى دەرەخ يىلتىزىدەك كۆرۈنەتتى. بالا ئۇنىڭ كۆكسىدىكى سۈتنى ئەمەس ۋۇجۇدىدىكى ياشلىقنى، گۈزەل لاتاپەتنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى-نى شوراپ ئېمىۋاتقاندەك ئىدى.

«بىزگە ئوخشاش ئوقۇشقا بارالىغان بولساڭمىغۇ ... ھەي بىچارە ...» دېدىم مەن ئىچىمدە ئۇنىڭ بۇ تەقدىرىگە ئىچ-ئە-چىمدىن ئۆكۈنۈپ.

ئۇ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە «ئوتۇننى ئالارمىكىن» دەپ تەمە بىلەن تەلمۈرۈپ قاراۋېتىپ تۇيۇقسىز مېنى كۆرۈپ قالدى. مەن ئالدىراپ ئالدىغا باردىم.

— ياخشىمۇسىز ھەببە؟

— ۋىيەي ... مۇراتقۇ بۇ؟ - دېدى ئۇ دەماللىققا مېنى تونۇيالماي ئارا دەقىقىلىق تېڭىرقاشتىن كېيىن. بىز يەنىلا بۇرۇنقى ساۋاقداشلىق چاغلىرىمىزدىكىدەك ھال-ئەھ-ۋال سورىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش سايىسىدەك چىرايىدا لاپ قىلىپ ئەكسىلىنىپ شۇئان غايىب بولىدى-غان تەبەسسۇملۇق ئوماق بېغىشلىرىدا، تومۇچۇقىنىڭكىدەك يېقىملىق زىل ئاۋازىدا بىر چاغلاردىكى قىزلىق لاتاپىتىنىڭ سۇس ئىزنا-سى ھېلىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ قايسى ئىدارىدە ئىشلەۋاتقانلىقىمنى سورىدى. مەن ئېيتىپ بەردىم.

— ئۆيلەندىڭىزمۇ؟

— ياق، تېخى.

— ۋىيەي، راستىما؟...

— راست ... يالغان ئېيتىمەنمۇ سىز-گە.

— ئۇنداق بولسا بىرەر بالىڭىز تۇغۇل، تۇتقان ئۆيىڭىزمۇ يوقكەن-دە؟

— ھەئە.

ھەببە شۇئان ماڭا ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ، مېنى مەسخىرە قىلىشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا كۈلدى:

— ۋاي بىچارە!...

## دىۋانىنىڭ ناخشىسى

ئوغرى دىۋانىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، جايىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. دىۋانە ئەما ئىدى. ئىقىپ چۈشكەن قارىچۇقلىرى ئورنىدا ئاق، كۆكۈش رەڭلىك شارسىمان دۇغ پولتىيىپ كۆرۈنەتتى. دىۋانە ناخشا ئېيتىپ راۋاب چېلىۋاتاتتى. ئەتراپىغا ئادەملەر يىغىلغان. ئالدىغا سەدىقە قىلىنىپ تاشلانغان ئۇششاق پۇللار غازاڭدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئوغرى تاقىلداپ كېتىۋاتقان نەپسىنى ئەستە بېسىپ، دىۋانىنىڭ ساز-ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. كۆز چاناقلىرى ئالدىدىكى رەڭگارەڭ پۇللار ئۈستىدە پىرىلداپ ئۇچاتتى. ۋۇجۇدىدا بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئېچىرقاش ۋە تەشنالىق سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ، ئۇنى ۋۇجۇدىدا پات-پات كۆرۈنۈپ قالدىغان ئادەتتىن تاشقىرى تەلۋىلەرچە قاراملىقنى ئويغاتماقتا ئىدى. ئۇ دىۋانىغا، دىۋانىنىڭ كۆزلىرىگە ۋە ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ قويدى. دىۋانە گويا ئالدىدىكى بۇ بىر دۆۋە پۇلدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوقتەك پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشا-سازغا بېرىلگەن، ئەتراپتا بولسا كىشىلەر كۆپ ئىدى.

«سەل تەخىر قىلاي... — ئۆز-ئۆزىنى سەبىرگە دالالەت قىلىشقا باشلىدى ئوغرى، — مۇشۇ كىشىلەر بىر كەتسۇنچۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدىكەنمەن؟ بۇ پۇللارنى چاڭگاللاپ قوينۇمغا تىقىمەن-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە كىشىلەر ئارىسىدا غايىب بولىمەن. ئۇ چاغدا بۇ ئەما دىۋانە مېنى نېمە قىلالايتتى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ نەس باسقىنىنى بىلىپ قالسا، ناھايىتى جايىدا داد-پەرياد كۆتۈرۈپ قالار، بىلمەي قالسا ناخشىسىنى ئېيتىپ، راۋابىنى چېلىپ ئولتۇرۇۋېرەر...»

دىۋانىنىڭ ناخشىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن، ئاۋاز پەردىسىنىڭ تىترىشىدىن ئەمەس يۈرىكىنىڭ ئاللىقانداق چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىكى ئوخچۇۋاتقان قان شارقىراتمىلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سۈزۈك شارقىراتمىلارغا ئوخشايتتى. بۇ خۇش ئاھاڭ تاڭ ھاۋاسىدەك تازا، نۇردەك پاك، سۆيگۈدەك ئىللىق ئىدى. راۋابنىڭ كۈمۈش تارلىرى زەخمەك ئارقىلىق ئەمەس، دىۋانە كۈمۈش سۆزلەۋاتاتتى، رازلەۋاتاتتى، راۋاب دەل دىۋانىنىڭ جاراھەتلىك قەلبى ئىدى. ساز ۋە ناخشا بىر بىرىگە شۇنچىلىك سىڭىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدىكى، بوۋاقنىڭ ئاتىغا لەززەت ۋە شادلىق بېغىشلىغۇچى يىغىسىغا ھەم كۈلكىسىگە، جۇپلەشكەن لەۋلەر ئارىسىدىكى ئېتىلىپ چىققان ئوتلۇق تىنىققا، قىزىلگۈل بەرگىسىنىڭ مەيىن شامال ئاستىدىكى لەرزان تەۋرىنىشىگە ئوخشايتتى...

(ئاخىرى 36-بەتتە)

# شېئىرلار

## نۇرمۇھەممەت سايىم



ئاپتور نۇرمۇھەممەت سايىم بورتالادىكى پېشقەدەم ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھازىر بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىدە ۋە ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

### كېتىپ قالدىڭ قىيا باقماي

كۈتكەنلىرىم شۇمۇ، كىدىلدىڭ
كەتتىڭ يەنە قىيا باقماي
نىچۈن مەندىن رەنجىدىڭكىن
قىناۋەرمە چىراي ئاچماي.

چۈشىنىشىپ سۆيۈشكەنمىز
دېيىشمىگەن كەپ قالمىغان.
ئايرىلىشتىن قالسا گەر سىر
ئۆمرۈم بولار جۇت-زىمىستان.

### سۆيگۈ ئۈمىدى

تاڭغىچە گەر ئاقسا يېشىم
جان قالامدۇ مۇشۇ تەندە
ۋىسال ئىزلەپ قىلار سەجدە
پاك سۆيگۈگە مۇھتاج بەندە.

سەن كېچەڭنى يايدىڭ لېكىن
پاك قەلبىمگە مەغرۇر جانان
مەيلى خىرە بولسۇن تۈنلەر،
يۇلتۇزلىرىڭ ماڭا باققان.

### شادلىق كۈيى

سايرام كۆلىنىڭ دولقۇنلىرى،
ياشلىقىمنى ئەسكە سالىدۇ.
ئاققۇلارنىڭ ياڭراق ناۋاسى،
شاۋقۇنلارغا تەڭكەش بولىدۇ.

بويلىرىدا ئىلھامغا تولۇپ،
ناخشا-قوشاق قاتقىم كېلىدۇ.
بولۇپ تەڭكەش دولقۇنلىرىغا،
شوق سازىمنى چالغىم كېلىدۇ.

يېشىل تۈسكە كىرگەندە يايلاق،
رۇخسارىغا باققىم كېلىدۇ.
شۇ چاغ قەلبىم سۆيگۈگە تولۇپ،
گۈلخان كەبى يانغىم كېلىدۇ.

تاڭدا بۇلبۇل گۈل-چىمەنلەرنى،
ئىشقى بىلەن كۈيگە قاتىدۇ.
باي ھەم گۈزەل
سايرام ۋادىسى،
ئەل رىشتىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

# سۆكۈتسىز نەپەسلەر

## ئابدۇللا سۇلايمان



ئاپتور 1952-يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1976-يىلى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملىغان. ھازىر خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنتى.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتى 1964-يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «مۇبارەك مېھمان» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە «يورۇڭقاش ناخشىلىرى» (1982-يىل)، «ھايات ئۈنچىلىرى» (1984-يىل)، «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن» (1986-يىل)، «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» (1990-يىل)، «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» (1992-يىل) قاتارلىق شېئىرلار ۋە داستان توپلاملىرى، «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» (1988-يىل)، «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال-جاۋاب» (1990-يىل) قاتارلىق دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش كىتابى نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

1979-يىلدىن ھازىرغىچە «گۈلباغ ناخشىلىرى»، «باغۋەنگە مۇھەببەت» «جەنۇب غەزەللىرى»، «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە، 1993-يىلى «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق كىتابى مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ھېسسىيات ۋە يېزىقچىلىق» ناملىق ماقالىسى 1989-يىلى شىنجاڭ يېزىقچىلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن، «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال-جاۋاب» ناملىق كىتابى شىنجاڭ بويىچە «مۇنەۋۋەر پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان 18 پارچە ئىلمىي ماقالىسى، ئالتە پارچە تەرجىمە ئەسىرى قاتارلىقلار بار. ئۇ 1992-يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمى» بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلانغان.

ئابدۇللا سۇلايمان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يېزىقچىلىق ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ھەيئىتى قاتارلىق ئالتە جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

بىز ئابدۇللا سۇلايماننىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ بۇ يىل 30 يىل توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شائىرنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ مول، ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا تىلەكداشمىز.

## ئاشقلى

نىكەم بولدى تەسەۋۋۇر كەيتىرىم ئۆرلەپ، زاماندىن ئاشقلى،
چىقىپ ھەم ئۆز يولىغا كارۋىنىم، ھالقىپ داۋاندىن ئاشقلى.

ۋۇجۇدۇم سۇلتانلىقى مەغرۇر، نەۋ قىرانلىق پەيتىدۇر ھازىر،
شاھىنشاھلىقىم روھى زېمىندا تۇردى خاقاندىن ئاشقلى.

ئۇرۇق چاچقاندىم كائىنات كەڭلىكىگە چىن مۇھەببەتتىن،
ھوسۇلى تەڭلەشتى، كۆر، قەددى زور تاغدەك خاماندىن ئاشقلى.

ئېرىشمەككە ئۆزۈم خالىغان نەرسىگە، كۆپنى يوقاتقانىتىم،
ئېرىشتىم ئۆزۈمگە بىر ئۆزۈملا، ماھى تاباندىن ئاشقلى.

ئىشق-سەۋدا بىلەن تولغاندى مېڭىبىر ئىشىم بار بىر بېشىم،
رازىلىقىمدىن قوشۇلدى غەم يەنە، ھەر قاچاندىن ئاشقلى.

قىلالمايدۇ قىياس غەم-غۇسسەمنى نە تەڭرى، ياكى بىر ئىنسان،
باشلىندى ئۇ پۈتۈن بارلىق بىلەن يوقلۇق ماكاندىن ئاشقلى.

تۇغۇلغان ئاق، كېتەرمەن ئاق، ئارىلىقتىكى زومۇزو دوراش،
ياشىمەن ياشايمەن، ياشاپ بولغان-ياشىغان جاھاندىن ئاشقلى.

## جەھەننەمنى

ساڭا جەننەت ئاتا بولسۇن، پۈختىلاي لېيىمدا جەھەننەمنى،
ۋىسال، ھىجرىنىڭ ئۇچۇنلا سىغىناي كۆن-ئېيىمدا جەھەننەمنى.

ئەبەد ئۆلمەيدىغاندەك قىل تىجارەت، بەختىيار بولغىل،
قىلاي تائەت كېتىشنى بىلىپ، ساقلاپ يېنىمدا جەھەننەمنى.

كىشىگە بەرمىسە كىشىكىم دىل چوغى، ئالەم زىمىستاندۇر،
ساڭا كېيىن، ئۆزۈمگە بالدۇر تىلەي چېيىمدا، جەھەننەمنى.

چېلىنساڭ تۇغ قاداپ، نۇسرەت قۇچۇپ جەڭگاھتا يەكمۇ-يەك جەڭدە،
دۈشمىنىڭ ئۇچۇن ئىزدەي مىنىپ تۇلپار-تېيىمدا، جەھەننەمنى.

كۆيگەندە ئوت ئىچىپ يىتنە-پاساتقا، ھەسەتخورنى دەل سۆكتىڭ،
ئاڭا، مەن چىللايكى ھەرنە چالغان نېيىمدا، جەھەننەمنى.

مۇشكۇل سەپەرگە چىققىنىڭدا يۆكۈپ قەلبىڭگە نىيەت-ئىقبال،
يولۇڭنى توسقۇچىغا كۆرستەي دەشت-سېپىمدا، جەھەننەمنى.

بۇ يەڭلىغ دىيانەت ئەيلىبان، چەكسەمۇ سېنىڭدىن رىيازەت،
سىغىنمايمەن، قەسەمبىللا ساڭا ئاش، نېنىمدا، جەھەننەمنى.

# ئىككى شېئىر

ئىمىنجان كېرىم

## يېزام

سەن كىچىك بىر زېمىن بولساڭمۇ يېزام،
ھۆسنۈڭنى زىننەتلەپ تاراتتىڭ نۇرلار.
قۇچىقىڭ چاچىدۇ تويلار چەشمىسى،
كۆزلەرنى چاقنىتار تۆكۈلگەن دۇرلار.

ئېسىمدە سۆيۈگدە پاكلانغان چېغىم،
ھەم ئېمىپ چوڭ بولغان يۇمران گىياھنى.
ئالەمچە يۇراقلار چاچسا تۇپرىقىڭ،
ھەر قەترەڭ ئۆگەتكەن سۆيگۈ-ۋاپانى.

كۆكۈمدا يۇلتۇزلار قىلىدۇ چاقچاق،
گاھى ئاي قىزغىنار، كېتەر يامانلاپ.
گاھىدا سۆيگۈ دەپ تېلىقىپ قۇياش،
چۇغلىنىپ نۇر تۆكەر سۇبھىدە پارلاپ.

جەننەتتەك بىر زېمىن تۇرساڭ جىلمىيىپ،
كىملەرنىڭ ئەتكۈسى كەلمەيدۇ ماكان.
ناخشامنى ئېپكەتكىن مەيىن شامالار،
يۇرتۇمنىڭ ھىدىنى ھىدلىسۇن جاھان.

سەن تۇرساڭ كەتكىم يوق جەننەتتنى ئىزلەپ،
مۇقەددەس بىر سۆيگۈ نۇرناتتىڭ دىلغا.
قانداقمۇ تەڭلەشكەي مەككە-مەدىنە،
بەختىمنىڭ ئاساسى كۆمۈلگەن يۇرتقا.

## كۆزگە ئىلمىغان چوماق

تاغلارنى غۇلاتقان ئۇپقۇنلۇق دەريا،
ئاۋارە ياپراقنى چۆكتۈرەلمەي زەپ.
ھەممىنى تىترەتكەن ھەيۋەتلىك يولۋاس،
پاشىنى يېڭەلمەي بولدى دەر غەزەپ.

## ئاخشىمى

(غەزەل)

ھۇسەيىن ئىمىن ھاجى

كۆيۈپ ئۇتتا چو بولۇپ مەن يارنى كۈتتۈم ئاخشىمى،
يولغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئارماندا ئۆتتۈم ئاخشىمى،

كۈتكەن چېغىم كەلمىگەن، دەردىمگە دەرمان بولمىغان،
ۋاپا بىلمەس يار ئۈچۈن نەزمەمنى پۈتتۈم ئاخشىمى.
تەس ئىكەنغۇ چىدىماق، دىلدا يانسا ئىشتىياق،
سىر تۇتۇپ مەن ئۆزگىدىن ئىچىمگە يۇتتۇم ئاخشىمى.
ئۆرتىنىپ مەن شول كېچە، غەمكىن كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق،
چەككە يەتكەچ تاقىتىم ياقا تۇتتۇم ئاخشىمى.

* *

ئىشلەپتۇ تىنماي قەلبى نۇر ئالماي ئارام تۈنلەردىمۇ،
ئىلغار ئىكەن سېختا ئۇ، ئەھۋالنى ئۇقتۇم ئاخشىمى.
سىر يېشىلدى مەن بىراق، بولدۇم خىجالەت ئۆلگىچە،
ئەمدى ماڭا نېمە كۈن سۈكۈتكە چۆكتۈم ئاخشىمى.
ئىشلە شۇنداق كۈندە دەپ، ئەل-ۋەتەننىڭ ئىشقىدا،
مەن نىگارغا مەدھىيە گۈلدەستە تۇتتۇم ئاخشىمى.

# شېئىرلار

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

## ئوغرىلانغان يۈرەك

گۈزەل كېچە، بىز ماڭغان كېچە،
ساڭا ئىشقىم باغلانغان كېچە.
بولغاچقا شۇ خىسلەتلىك كېچە،
تارتتىم مانا دەردىڭ يەتكۈچە.

بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر بەك قىسقا،
ئورنىدىڭسەن ئەمما دىلىمغا.
خىيال بىلەن ئۆزىتىپ تۈنلەر،
قىراۋ چۈشتى ئۆتكەن يىلىمغا.

ئاھ، جىلۋىدار خىسلەتلىك كېچە،
سەندە قاپتۇ مېنىڭ يۈرىكىم.
بىرگە ئۆتسەك مەڭگۈ ھەمراھ بولۇپ،
كۆلەر ئىدى ئارزۇ-تىلىكىم.

## قېدىرىمەن كۆزلىرىمدە ئەكسىڭنى

كۆز ئالدىمدىن ئەسلا كەتمەس ۋە
كەتمەس،
لەۋلىرىڭدىن بال تامغان شۇ مىنۇتلار.
ئاي نۇرىنى توسقان قۇندۇز چاچلىرىڭ،
ھەمدەم بولغان ھەتتا بىرگە بۇلۇتلار.

كېتىپ قالدىڭ مېنى قويۇپ ھەسرەتكە،
ئاۋارىمەن بىلمەي سۆيگۈ سىرىڭنى.
تەلمۈرىمەن كۈتۈپ سېنى يولۇڭغا،
قېدىرىمەن كۆزلىرىمدە ئەكسىڭنى.

# ئىككى غەزەل

ئابدۇكېرىم ئابدۇمجىت دولانى

1

ۋۇجۇد تەختىمگە سۇلتاندەك ماڭا ھۆكۈمران كۆڭلۈم،
قاناتلىق قۇش ئۇ تەڭداشسىز، ئۇچۇپ ھارمايدىغان كۆڭلۈم.

قاراپمۇ كۆرگىلى بولماس،سىلىپ تور تۇتقىلى بولماس،
گويا بەڭباش خىيالدەك تېز، پەقەت جىم تۇرمىغان كۆڭلۈم.
ۋىسال پەرىسى چىللايدۇ سىنى ھەر يانۇ-ھەرياندىن،
بۇ ئالەم چىتىمۇ ساڭا بولالماس بىر ماكان كۆڭلۈم ...

2

سىنى سۆيگەچكە ئەي دىلبەر، خۇشالمەن تەشۋىشىم يوقتۇر؛
سىنىڭ مېھرىڭ باھار ئىللىق، زىمىستانۇ-قىشىم يوقتۇر.
چاراقلاپ يانسا يۇلتۇزدەك يۈرىكىمدە ماڭا سۆيگۈ،
سەپەرلەردە يورۇتقاي ئۇ يولۇمنى، ھېرىشىم يوقتۇر.
بۆلەكلەر ئات مىنىپ ماڭسا، ياياق قالسامۇ قورقماسمەن،
ماياكمسەن دېگىنىز كەزسەم، مىنىڭ كۆز ئۈزمىشىم يوقتۇر.
شىرىن ۋەسلىگە يەتمەكچۈن پەرھادمۇ تاغ-ئېدىر چاپقان،
يولۇمنى توسسا تاغ-ھاڭلار، سۈرىدىن قورقۇشۇم يوقتۇر.

## چىقمىدى

(غەزەل)

مۇھەممەت قېيۇم

ئاھ سەمەندەربولدى تەن،ئوتلاردا جانىم چىققىدى،
ئىچ-تېشىم ئۆرتەندى مىڭ دەردۇ-پىغانىم چىقمىدى.

دەردتە قىينالدى بۇ جان ئوتلار تۇتاشقاندىن بېرى،
يوق سوۋۇش مۇزلاردا ياتسامۇ، خۇمارىم چىقمىدى.

ئوتقا ياغ چاچقان مىسال دەھشەتتە ئەھۋالىم ئوسال،
ئۆلگىيار ۋەيلۇن كەبى گۈلخاندا ئاھىم چىقمىدى.

ئېرىگەچ قار-مۇز ھارارەتتىن توپان يايدى ئېتەك،
خەسكە ئايلاندى تېنىم، زىنھار داۋايىم چىقمىدى.

لەرزىگە كەلدى نىدايىمدىن زېمىن كۆك ياش تۆكۈپ،
بۇ كۆيۈكنىڭ دەردىگە دەرمان شىپا جانانىم چىقمىدى.

# مامۇت مەتۇ

(ھېكايە)

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

داۋۇت تۆمۈرچى، ئايالى مەرەنساخان ۋە ئوغۇللىرى مامۇت تۆمۈرچى، ساۋۇت تۆمۈرچى، ئاۋۇت تۆمۈرچى بولۇپ بەش جانلىق بۇ ئائىلە تۆمۈرچىلىكتىن كەلگەن تاپاۋەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشاتتى.

داۋۇت تۆمۈرچى چاساقال، تەمبەل، ئالدىغا سەل ئېگىشكەن، قاشلىرى كۆزلىرىنى يېپىۋالغان ئادەم ئىدى. يېرىم يالىڭاچ گەۋدىسىدىن تېرە پەرتۇق، قولىدىن قىسقۇچ چۈشمەيتتى،

ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مامۇت قىزىقلا بىر بەندە بولۇپ، مەھەللىدە مۆرىمەس دېسە تونۇمايدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە بىرنەچچە ئېغىزلا گەپ قىلغان، شۇ گەپنىمۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن بىشارەت بەرگەنىدەك ھۆكۈم قىلىپ ئېيتقانىدى. مامۇت خۇددى چۆچەكلەردىكى دىۋىدەك كۈچتۈڭگۈر، كەڭ يەلكىلىك، ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قارا ساقىلى ئاپئاق يۈزىگە خېلى يارىشاتتى. داۋۇت تۆمۈرچى ئۇنى «تەلۋە»، ئانىسى مەرەمنساخان «تۆگە» - دەپ ئاتايتتى.

داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ قورۇسى باشقا قوشنىلارنىڭ قورۇسىدىنلا ئەمەس، ھەتتا كوچىدىنمۇ بىرەر مېتىر چوڭقۇر بولۇپ، قىيپاش دالان بىلەن قورۇغا كىرگىلى بولاتتى. قورۇنىڭ شەرقىدە مېھمانخانا، ئاشخانا، غەربىدە تونۇر، تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، شىمالىدا ئاتخانا ۋە تالاغا چىقىدىغان ئىشىك بار ئىدى. ھويلا ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز چوڭقۇرلۇقىنى ياپماقچى ۋە گۈزەللەشتۈرمەكچى بولغانىدەك ئاشخانىنىڭ يېنىدىن ۋە ئاتخانىنىڭ ئوقۇرىسى يېنىدىن چىققان ئۈجمە بىلەن كۆمۈلگەنىدى. بۇ ئۈجمىنىڭ بولۇق شاخلىرى كوچىغىمۇ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

قورۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاز كەلگەنىدەك يوغان تۆمۈرچىلىك سەندىلىنىڭ يېنىدا قارىيىپ كەتكەن بىر ئازگال بولۇپ، بۇ يەر ھېلىقى مامۇت مۆرىمەس خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كىرىۋېلىپ بازغان سوقىدىغان جاي ئىدى. ئۇنىڭ بازغىنى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

داۋۇت تۆمۈرچى تۆمۈر قىسقۇچ بىلەن ئوچاقتىن ئالغان چوغدەك قىزىل تۆمۈرلەرنى مامۇت بازغان بىلەن ھەر ئۇرغىنىدا چىمچىم ئۇچقۇنلار تەرەپ-تەرەپكە چاچراپ، ئۇنىڭ تېرە پەرتۇق تارتقان تۈكلۈك مەيدىسىگىچە ئۇچۇپ باراتتى. تۆمۈر پارچىسىنى يوغان قىسقۇچتا قىسىۋالغان داۋۇت تۆمۈرچى تۆمۈرنى ئاپىرىپ چېلەكتىكى سۇغا پاتۇراتتى. بۇ يەردىن پورۇقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھور كۆتۈرۈلەتتى.

مامۇت مۆرىمەس گويا ئۆزىنىڭ خورىماس كۈچىنى نەگە ئىشلىتىشنى بىلمىگەنىدەك بازغاننى بىر كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا باشلىسا تاكى داۋۇت تۆمۈرچى «توختا تەلۋە» دېمىگۈچە توختىمايتتى. دادىسى ئاللىقاچان قوللىرىنى يۇيۇپ داستىخانغا تاماق يېگىلى ئولتۇرغانىدىمۇ مامۇت ھېلىقى ئازگالدا يەنە نېمىنىدۇر كۈتكەنىدەك تۇرۇپ قالاتتى، مەرەمنساخاچام ئاچچىقى بىلەن «ھوي تۆگە، چىقمامسەن، ژىنىڭغا بىر نېمە تىقىپ ئاندىن كۆرۈڭگە كىر» دېمىگىچە ئازگالدىن چىقمايتتى.

بۇلار تەقۋادار ئىدى. بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلمايتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئاتا ـ ئوغۇللار تەرەت ئېلىپ نامازغا تۇرۇشاتتى. مامۇتمۇ تەرەت ئالغاندەك بىرنېمىلەرنى قىلاتتى، تاكى مەرەمنىساخاچام «بول، ھوي تۆگە» دېگەندىلا چۆگۈننى قويۇپ، يالىڭاياغ پۇتلىرى بىلەن يەرگە ھۆل ئىزلارنى قالدۇرۇپ جايىنامازغا كېلەتتى. ئەگەر سەجدىگە بىر باش قويۇۋالسا، نەچچە مىنۇتقىچە بېشىنى كۆتۈرمەي دوگىيىپ ئولتۇرۇۋېرەتتى. يەنە مەرەمنىساخاچام ئۇنى نوقۇپ قويغاندا ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ لوڭگىدە ئورنىدىن تۇراتتى. ئەگەردە ئۆرە تۇرۇۋالسا باشقىلار نوقۇپ قويمىغىچە خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ئۆرە تۇرۇۋېرەتتى. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتامدۇ ياكى بىرنېمىنى خىيال قىلىۋاتامدۇ، بۇنى بىر خۇدادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى.

مامۇت ھېچكىم بىلەن، ھەتتا كۈندە بىللە ئىشلەۋاتقان ئاتىسى بىلەنمۇ گەپلەشمەيتتى. ئۇ خۇددى يوغان بىر ماشىنا ئادەمدەك ئاستا، رېتىملىق ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقى ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماھىرىدەك بولجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان بىلەكلىرىگە، كەڭ يەلكە، تۈكلۈك مەيدىلىرىگە كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى. مەھەللىدە ئۇلارنىڭ شەرق تەرىپىكى تام قوشنىسى سانىخاندىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ دۈگىلەك يۈزلۈك، ئەگمە قاشلىق، خېلى قاملاشقان چوكان بولۇپ، شوخ، قىزىقچى ئىدى. ئۇ ئىككى ئەردىن ئاجراشقان، تۇنجى ئېرى بىلەن ئۈچ قېتىم ياراشقان، يەنە قاملاشماي تۇل ئولتۇرغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇمۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ دوپپا تىككەچ بۇ چوڭقۇر ھويلىغا قاراپ مەرەمنىساخاچام بىلەن ئۈنلۈك پاراڭلىشات-تى.

بىر كۈنى داۋۇت تۆمۈرچى پۈتكەن تاقا، ئورغاقلىرىنى ئېلىپ يەكشەنبە بازار دەمدۇ، ئەيتاۋۇر بىر ياققا ساۋۇت بىلەن يورۇپ كەتتى. ئاۋۇت ھەرقاچانقىدەك مەھەللىدە ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل ئىدى، مەرەمنىساخاچام مەھەللىدىكى ھەقەمسايىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەنىدى.

ھويلىدىكى ھېلىقى ئازگالنىڭ قىرىدا مامۇت مۆرىمەس تىنىق ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئۆگزىسىدە دوپپا تىكىپ ئولتۇرغان سانىخاننىڭ بىر قىزىقچىلىق قىلغۇسى كەلدى ئەتىمالىم، ھويلىغا قاراپ تۇۋلىدى:

— ھوي مامۇتاخۇن، داداڭ نەگە كەتتى؟

مامۇت ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— ئاناڭچۇ؟

مامۇت جىم تۇرۇۋەردى.

— ئۆزۈڭچۇ؟

مامۇت دەسلەپ ھاڭۋېقىپ قالدى، كېيىن مەيدىسىگە بىر مۇشت ئۇردى، سانىخان ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى. كېيىن كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ مامۇتقا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— مامۇتاخۇن، خوتۇن ئالامسەن؟

مامۇت مەنىسىز ھىجىيىپ قويدى.

— مامۇتاخۇن، مەن ساڭا تېگەيمۇ؟

مامۇتنىڭ چىرايىدا ئەجەبلەنگەن، قىزىققاندەك، قورققاندەك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇ بېشىنى ئىككى ياققا لىڭشىتتى.

— مامۇتاخۇن، داداڭ كەلگەندە تاۋار - دۇردۇن ئېلىشقا پۇل بەر، خوتۇن ئالىمەن دەپ تۇرۇۋال، ئۇنىمىسا يىغلاپ

جىدەل قىل، ئۇلار ساڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىدۇ، ھەي ماﺋۇتاخۇن، خوتۇن دېگەن ئوبدان نېمە جۇمۇ!...

ماﺋۇتاخۇن ئۇشتۇمتۇت ھېلقى ئازگالدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ھويلىدا باغلاقتىن بوشانغان ياۋايى ھايۋاندەك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ توكلۇك قوللىرى بىلەن مەيدىسىگە ھەدەپ مۇشتلايتتى، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى. سانىخان ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇگزىسىدىن چۈشۈپ قوشنىلارنىڭكىدىن مەرەمنساخاچامنى چاقىرىپ چىقتى. مەرەمنساخاچام بىر نېمىلەرنى دەپ گاھ يالۋۇرۇپ، گاھ ۋارقىراپ بۇ مۆرىمەسنى ئاران پەسكويغا چۈشۈردى.

شۇ كۈندىن كېيىن مۆرىمەس بازغاننى تۈزۈك سوقمايدىغان، گاھىدا بازغاننى كۆتۈرگەنچە چوڭقۇر خىيالغا كەتكەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالىدىغان بولدى. نامازنىمۇ تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ مۆرىمەسلىكى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، داۋۇت تۇمۇرچىنىڭ ئاچچىقى يامان ئادەم بولغاچقا ئۇنى تىللاپ باقتى، دۈشكەلىدى، ھەتتا بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئىسكىكى چىقىدىغان بۇ تۈگىنى قاتتىق ئۇردى. بىراق بۇ تاياقلار قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ھېچبىر تەسىر قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەتىدىن-كەچكىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغاندى. كۆزلىرى ئاسماندىن ئۈزۈلمەيتتى.

مەرەمنساخان زېرەك خوتۇن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ سانىخانغا يالۋۇردى:

— سانىخان، جېنىم خېنىم، سارالڭ بىلەن ئويناشمىغىنا، سەن ئۇنىڭغا تەگمەگەندىكىن نېمە قىلسەن ئۇنى قىيناپ، ھەقىچان سارالڭ سېنىڭ چاقچاقلىرىڭغا ئىشىنىپ قالدى.

— مەيلى ئەمەسمۇ ئىشىنىپ قالسا.

— ئۇنىڭغا بىرەر خوتۇن تەگسىچۇ كاشكى، سەن تېگەمتىڭ-يا.

— ئۇمۇ مېنى ئالامدۇ،... ھا-ھا...

چوكان ھەييار بولۇپ، شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇنىڭغا تېگىش دېگەن يوق، پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، تەلۋىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش نىيىتىلا بار ئىدى. مەرەمنساخان بۇنى بىلەتتى. ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇيتتى. لېكىن ھەييار چوكان مەتۇغا تېگىشكىنى تېگىشكەن ئىدى.

ئۈجمىلەر ئاقىرىپ پىلە قۇرتىدەك پارقىراپ كەتكەن چاغلار ئىدى. بىر كۈنى سانىخاننىڭ ئۈجمە يېگۈسى كەلدىمۇ ياكى مۆرىمەسنى گەپكە سالغۇسى كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر، پەستىكى ھويلىدا تۇرغان ماﺋۇتقا قاراپ كۈندىكى چاقچىقىنى باشلىدى:

— ماﺋۇتۇم، ئۈجمىلەر ئەجەب چىرايلىق پىشىپ كېتىپتۇ.

ماﺋۇت ئاسمانغا قارىدى. بىر ئۈجمىلەرگە، بىر سانىخانغا قاراپ ھىجايدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كۆرۈنگەن بۇ كۈلكە خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندا كۈن چىققاندەك ئۇنىڭ يۈزىنى يالىلدە يورۇتتى.

— ماﺋۇتۇم، بىر ئىرغىتىپ بەرگەن بولساڭ، ئۈجمىنى راسا يەپ كېتەر ئىدىم.

ماﺋۇتنىڭ كۆزلىرىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ يوغان بەستىنى دىككىدە قىلىپ ئازگالدىن يۇقىرىغا ئالدى. سانىخاننىڭ ئۈگزىسىگە ئۈجمىنىڭ بىلەكتەك شېخى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ماﺋۇت ئۈجمە غولىدىن ئۆتۈپ ئەنە شۇ شاخقا ياماشتى. بۇ چاغدا پەستە تۇرغانلار چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۈجمە شېخى يەردىن ئاز دېگەندە

ئۇجمە شېخى يەردىن ئاز دېگەندە ئون-ئون بەش مېترچە ئېگىز ئىدى. ھويلىدىكىلەرنىڭ ۋە باشقا ئۆگزىدىكىلەرنىڭ چۇرقىراشلىرىغا پەرۋا قىلماي لىڭگىرلاپ تۇرغان شاخ بىلەن سانىخانىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى.

— ۋاي مامۇتۇم، ئارقاڭغا قايت، يىقىلىپ ئۆلىسەن!

مامۇت ئۈندىمەي شاختىن-شاخقا ئۆتەتتى.

— ۋاي مامۇتۇم، بولدى، ئۇجمە يېمەيمەن، ئارقاڭغا قايت.

چوكان شۇنداق دېگىنىچە ئۆگزىدە تىپىرلايتتى. مامۇت لىڭگىرلاپ تۇرغان شاخ بىلەن پۈتۈن ئۇجمىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ئېگىز ئۆگزىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە سانىخانىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئۇ غولدۇرلىغان ئاۋازى بىلەن كېكەچلەپ مۇنداق دېدى:

— ما ... ماڭا ... تې ... تېگەمسەن، تېگەمسەن؟

— ۋاي ساراڭ، مېنى قويۇۋەت!

— تېگەمسەن، تېگەمسەن؟

مامۇت پەقەت بىرلا سۆز ئۆگەنگەن شاتۇتىدەك شۇ سۆزنىلا تەكرارلايتتى. سانىخانىنى بارغانسېرى چىڭ قاماللايتتى. بىردەمدە ئۆگزە-ئۆگزىگە خەق توشۇپ كەتتى. ئۇلار چۇرقىرىشاتتى، تېلىقىپ كۈلۈشەتتى.

— چىڭ تۇت مامۇتۇم، كېيىنگە كىرمىسە قويۇپ بەرمە! — دەپ ياش يىگىتلەر مۆرىسىنى دەي-دەيگە سالاتتى.

مامۇت سانىخانىنى قويۇۋەتمىدىغاندەك ئەمەس. ھەتتا ئۇنى قۇچاقلاپ ئېگىز ئۆگزىدىن ئۆزىنى تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ چوكان بولسا بايا مامۇت ئۆتكەن شاخقا مايمۇندەك چىڭ ئېسىلىۋالغانىدى. شۇ جىددىي پەيتتە مەرەمنىساخاچامنىڭ كاللىسى ئىشلەپ قالدى:

— ۋاي ئىسانى، تېگىمەن دېگىن، تېگىمەن دەپ قۇتۇل، بولمىسا ئۇ ئۆزىنىمۇ، سېنىمۇ نابۇت قىلىدۇ.

سانىخان جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

— ۋاي مامۇتۇم، تېگىمەن، ساڭا تېگىمەن، مېنى قويۇۋەت!

مامۇتنىڭ يۈزىدە كۈلكە جىلۋىلەندى. ئۇ سانىخانىنى قويۇۋېتىپ بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە گۈسسىدە بىرنى ئۇردى-دە، ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. پەستە ئۇنى تىل-ھاقارەت، تاياق-دەشناملار كۈتۈپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ چېھرىدە كۈلكە ئۆچمىدى، ئۇ تېخى ئۆمرىدە ھېچقانداق ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئاھاڭدا ناخشا باشلىۋەتتى:

ۋاي سانىخان، ئارقامدىن
ئەگەش، جېنىما.

شۇ كۈندىن كېيىن مامۇت مۆرىمەستە ئاجايىپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، كۈچكە كۈچ قوشۇلدى. ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان چىرايىدا يېقىملىق بىر كۈلكە جىلۋە قىلىدىغان بولدى. بۇرۇن دادىسى ئۇنى ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتىنى ئالغۇچە قىيامەت قايىم بولاتتى. ئۇ ئالغۇزمايمەن دەپ ۋارقىرايتتى. دادىسى ئۇنى تازا ئەدەپلەپ ئاندىن ئۇنىڭ چاچ-ساقىلىنى ئاران ئېلىپ قوياتتى. ھازىر ئۇ ئارا كۈندە بىر قېتىم ئىلمان سۇ بىلەن چاچ-ساقاللىرىنى ئۇۋۇتۇپ، يۇندىسىنى ئېقىتىپ سۇپىدا ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى داۋۇت ئۇستام بۇ تەلۋىنىڭ چاچ-ساقىلىنى غىرداپ بولالماي ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى ئۆگزىدىكى ۋەقە يۈز بېرىپ بىر ئاي ئۆتكەندە يېرىم

كېچىدە سانىخانىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى
غەلۋىدىن پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ئويغىنىپ
كەتتى. خەقلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ سانە-
خانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىپ، ئۇ يەردە
غودۇراپ تۇرغان مامۇتنىڭ ھەيۋەتلىك
گەۋدىسىنى تونۇدى. ئۇنىڭ پۈتىنىڭ
ئاستىدا خۇددى بۆركۈتنىڭ چاڭگىلىدا
قالغان توشقاندەك دوقمۇشتىكى سەپەر
دوغاپچى شۈمشىيىپ ياتاتتى، خەقلەر ئۇنى
مامۇتنىڭ پۈتىنىڭ تېگىدىن ئاران ئاجرىتىپ
ئېلىشتى.

ئەمدى مامۇت ھەر كېچىسى ئەل
ياتقۇدا ئۆيدە ياتقىلى ئۇنىماي سانىخانىنىڭ
ئىشىكىنى تاختا مۈشۈكتەك بېقىپ ياتىدىغان
بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار داۋۇتكام بىلەن
مەرەمنىساخاچامنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ
قويدى. ئۇلار بۇ تەلۋىنىڭ بىرەر ئىش
تېرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، چوكانغا
نۇرغۇن تويلۇق، پۇل بېرىپ ئۇنى مامۇتقا
تېگىشكە ماقۇل كەلتۈردى.

سانىخانمۇ ئەرسىز، تۇل ئولتۇرۇپ
زېرىكىپ قالغان ۋە دوپپا تىكىپ سېتىپ
كۈنىنى ئاران كۆن ئېتىۋاتقان بولغاچقا
بۇلارنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى. «ئۆگكۈر
بولسىمۇ ئۆيۈڭ خوپ، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ
خوپ» دېگەندەك، كەلمىگەن تەلەيني
كۈتۈپ ئولتۇرغىچە تەلۋىگە تەگمەيمەنمۇ،
بولغىنىچە ئەر بولار، بەك بولۇشالمىسام
ئاجرىشىپ كەتمەمدىمەن دەپ ئويلىغانىدى
ئۇ.

مامۇت دېگەن بۇ مەتۇ چىرايلىق
چوكانغا ئۆيلىنىپ تېخى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە
كۆچۈرۈپ ئەكىردى، تۆمۈر دۈكىنى بىكار
تۇرغان ئاتخانىغا يۆتكەلدى. ھويلا پاكىز
پېسىقتۇرۇلۇپ سۇ سېپىلىپ سۈپۈرۈلۈپ
تۇرۇلىدىغان، ئاشخانىدا ھەر كۈنى ئىككى
ۋاخ مېزىلىك غىزانىڭ پۇرىقى. دىماقنى
يارىدىغان بولدى. بىر يىل ئۆتۈپ سانىخان
بۇ تەلۋىگە پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ
بەردى. بۇ تەلۋە ئۇنىڭغا گوگۇلداپ يۈرۈپ
شىرئەلى دەپ ئاتمۇ قويدى. مامۇت تەلۋە
بولغان بىلەن خوتۇن-باللىرىغا كۆيۈمچان
چىقىپ قالدى. ئۇ خوتۇن-باللىرىغا قاراپ
كۆزى تويمايتتى. تىنماي بازغان سوقۇپ
پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى روناق تاپقۇزماقتا
ئىدى. ئەگەر تاسادىپىي بىر ۋەقە يۈز
بېرىپ قالمىغان بولسا، بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى
ئاشۇنداق داۋاملىشىۋەرگەن بولاتتى. بىر
كۈنى ئاشۇ سانىخانىغا خېلىدىن بېرى قانات
سۆرەپ يۈرگەن سەپەر دوغاپچى ئەتەي
كىردىمۇ ياكى ئەكەلگەن ئىشى مۇھىممۇ،
ئىشقىلىپ بىر دانە دوغاپ ئېتىدىغان
ساپلىقنىڭ سېپىنى بېكىتىپ بېرىشنى ئېيتىپ
بۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. داۋۇتكام ئۇنىڭ
كونىراپ ئۈپراپ كەتكەن چۆمۈچىنى
تاشلىۋېتىپ، راسا ئوبدان چۆمۈچتىن بىرنى
سوقۇپ بەردى. دوغاپچى بۇنىڭ بەدىلىگە
تومۇز ئىسسىقدا مۇزلىرى ئۇششاق چوقۇلۇپ،
قېتىقلىرى قويۇق قىلىپ ئېتىلگەن بىر كورا
دوغاپ بىلەن ئۇستامغا مىننەتدارلىقىنى
بىلدۈردى. ئۆيدىكىلەر ھەتتا ئاشخانىدىكى
سانىخانمۇ بۇ مۇزدەك دوغاپتىن ھوزۇرلىنىش-
تى. پېشانىلىرى تەرلەپ ئىسسىقتا يۈزلىرى
كۆپچۈپ كەتكەن مامۇتلا بۇ دوغاپتىن بىر
يۇتۇممۇ ئىچمەي ھويلىنىڭ قەيرىگىدۇر بىر
يېرىگە قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.
كەچكى تاماق ۋاقتى بولدى، لېكىن تەلۋە
ئورەكتىن ھېچ چىقاي دېمەيتتى. نامازشامغا
ئەزان ئاڭلاندى. مەرەمنىساخاچامنىڭ
دۈشكۈلە شىلىرى بىلەن ئۇ ئۆرەكتىن ئاران
چىقتى ۋە تاھارەت ئېلىپ جايىنامازغا يۈكۈن-
دى. باشقىلار سەجدىگە باش قويدى«

ئومۇ سەجدە قىلدى. ھەممىسى جايناماز-دىن باش كۆتۈرگىنىگە خېلى بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى-ئۈچ ياشلىق بۇدرۇق ئوغلى تايتاڭلاپ كېلىپ مانىندەك يۇمشاق قولى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— كوپە-كوپ، تەيۋە، — دېدى.

تەلۋە ئورنىدىن چاچراپ قوپقىنىچە بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن بالىنى بىرنى قويدى. بالا چىررىدە بىر چىرقىرىغىنىچە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ تېلىقىپ كۆكىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا سانىخان بىر قولىدا بالىسىنى يەپىلەپ تۇرۇپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدى:

— ۋاي سارالىڭ، بالىنى ئۆلتۈردۈڭغۇ ئەمدى، ۋاي بالام، قانداق قىلارمەن.

بالا كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك بوقۇلداپ خېلىدىن كېيىن پەس بولدى. يەنە بۇ بالا قوللىرىنى ئۇزىتىپ:

— مېنى ھاپاچ ئېتە، مېنى كۆتىيە،

— دەپ گۈگىرىدى.

لېكىن تەلۋە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي يۇلتۇزسىز ئاسمانغا خۇددى مۇنەججىمدەك قاراپ تۇرۇۋەردى.

سەپەر دوغاپچىنىڭ ھېلى ساپلىقى ئاجراپ كېتەتتى، ھېلى قېتىق ئۇيۇتىدىغان جاۋۇرىنىڭ تېگى تېشىلىپ قالاتتى، ئۇ ئاشۇنداق كونا لاقا-لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، داۋۇت تۆمۈرچى بىلەن پاراڭلاشقىنىچە ھويلىدىكىلەرگە گەپ سېتىپ، بەز مارىغان مۇشۇكتەك ئولتۇرىدىغان بولدى. مامۇت بولسا تا، ئۇ ھويلىدىن يوقالمىغىچە بازغىنىنى تۇتقىنىچە تۇرغىنى تۇرغاندى.

مامۇت خەقلەرگە قەھرىلىك، سۇرلۇك كۆرۈنگىنى بىلەن خوتۇنىنىڭ قېشىدا ياۋاشلىشىپ قالاتتى. ئۇلار ھېچقاچان جېدەللەشمىگەنىدى، قولۇم-قوشنىلار ۋە ئۆيدىكىلەرمۇ بۇنىڭغا ھەيران ئىدى. سەپەر دوغاپچىنىڭ ئاخىرقى سەپىرى مامۇتنىڭ سەۋرى قاچىسىنى توشقۇزدى ئەتىمالىم، ئۇ ئۇرزەكتىن چاچراپ چىقىپ دوغاپچىنى خۇددى سا چۆجىنى قاماللىغاندەك قاماپ تۇتۇپ، ھويلىدىن تالاغا ئاچىقىپ چۆرۈۋەتتى ۋە قەھرى بىلەن:

— يو... يوقال، بو... بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما ... — دەپ يولۋاستەك ھۆركىرىدى. سانىخان قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاشخانىغا كىرىپ ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى-دە، كەچكىچە چىقماي ئولتۇردى.

مامۇتمۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئىشكىنى تاقىۋالغىنىچە قايتىپ چىقمىدى. ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ، بالىسىنى يېتىلەپ سۇغا چىقىپ كەتكەن سانىخان ئەتىسى بالىسىنى قوشنىلارنىڭكىدە، چېلەكىنى كۆل بويىدا تاشلاپ قويغىنىچە نەگىدۇر بىر يەرگە يوقالدى. سەپەر دوغاپچىمۇ دوقمۇشتىكى دوغاپچىلىق سايمانلىرىنى كىمگىدۇر ئېلىشقا سېتىۋېتىپ

سانىخان يوقالغان كۈندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىدى. خەقنىڭ ئاغزىدا «سانى-خان سەپەر بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن مىش-مىش پاراڭ تارقالدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ماموت تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. گاھىدا بالىسىغا قاراپ سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بالىسىغا قول ئۇزاتسا بىچارە بالا ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ياۋا كالىدەك تۇرقىدىن قورقۇپ چىرقىراپ چولۇق ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالاتتى.

ماموت يەنە بۇرۇنقىدەك جانسىز، خۇنۇك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ بېلىگىچە كېلىدىغان ئورەكتە تۇرۇپ بازغان سوقىدىغان بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىزغىنلىقى يوقاپ، ئاش-تاماقتىنمۇ قالغانى-دى. تۇرۇپ-تۇرۇپ تۇتقىقى تۇتىدىغان، پۇت-قوللىرى كىرىشىپ كېتىپ يەرلەرنى تىرەجەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بىچارە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىچى بەك سىيرى-لەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلايتتى، تاياقتەك قېتىپ قالغان پۇت-قوللىرىنى تۈتۈپ چىقاتتى. بىر قېتىم تىلىنى چايناپ زىدە قىلىپ قويغاندىن كېيىن، تۇتقاقلىقى تۇتسىلا ياغاچ قوشۇقنى ئاغزىغا چىشلىتىپ قويىدىغان بولدى. ئەمدى ئۆيدىكىلەر ئۇنى يالغۇز قويۇشتىن قورقىدىغان، تالاغىمۇ چىقارمايدىغان بولۇشتى. بىر قىشتا ئۈجمە-ـە شاخلىرىنى قار بېسىپ كەتكىنىگە قارىماي، تەلۋە ئۈجمە شېخىغا چىقىۋالدى. بىچارە ئانا ئۇنى ئالداپ ئاران چۈشۈ-رۈۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۈجمىنىمۇ كېسىپ تاشلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈجمىسىز هويلا چۆلدەرەپ قالدى.

ماموتنىڭ كېسىلى ئوتتىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن داۋۇت تۆمۈرچىمۇ قورقۇپ بازغاننىڭ يېنىغا كەلمەس بولدى. قىشمۇ-ياز ئوتى ئۆچمەيدىغان تۆمۈرچىلىك ئوچىقىنىڭ ئوتىمۇ ئۆچۈپ ئۇنىڭدا كىچىك تۆمۈرچى ئاۋۇتمۇ كۆرۈك تارتىشتىن قوتۇل-دى.

بىر كۈنى، قاتتىق يىغا-زارىدىن ھەمەللە لەرزىگە كەلدى. داۋۇت تۆمۈرچى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى؛ مەرەم-نىساخاچام بېلىگە ئاق باغلاپ هازا ئېچىشقاندى. مەرەمنىساخاچام يىغلاۋېرىپ هوشىدىن كەتتى. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ماموت يېرىم كېچىدە مېھمانخانىدا يالغۇز ياتقانىكەن، ئوشتۇمتۇت تۇتقاق كېسىلى قوزغىلىپ: «سانىخان ... توخ ...تا! ...» دېگىنىچە كۆزلىرى ئارقىغا تارتىشىپ جان ئۈزۈپتۇ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوغلىمۇ مۇشتەك تۇرۇپ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم بولۇپ قالدى.

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئائىلىدە بارلىق خىسلەت مەلۇم بىر ئادەمگە باغلىق بولارمىش، شۇ ئادەم يوقالسا ئائىلىدىكى ئامەت، بەرىكەت بىللە يوقارمىش، شۇ گەپ بەلكىم راست ئوخشايدۇ. ماموت ئۆلۈشى بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى سۇنغاندەك بىراقلا خانىۋەيران بولۇشقا باشلىدى.

ئەسقەر ياسىن

# مۇسىبەتلىك ئۆيگە بېرىش خاتىرىسى

(نامسىز بىر شائىرنىڭ ئۆلۈمىگە)

سېغىنىش ئېلىپ كەلدى مېنى بۇ يەرگە،
ئۇنتۇلغان بىر سىما ئەسلەندى قايتا.
پېچەتلىك تۇرۇپتۇ كىتاب ۋە قەلەم،
ئوخشىشىپ بىرەھىم ئۆلۈمگە گويا.

سۈكۈتلۈك شۇ ئۆيدە تەمتىرەپ يۈرۈپ،
قايغۇنىڭ قولىنى سىقتىم ئاۋايلاپ.
ئادەمسىز قاراڭغۇ ئىشىك تۈۋىدە،
پېچىرلار تۈن يەنە كىمگىدۇ زارلاپ.

مەرھۇمنى ئۇزىتىپ كەلدۇق دالىغا،
ئاپتاپتا يالتىراپ تۇرار قەبرە تاش.
گويا ئۇ سۈكۈتلۈك يۈرىكى ئۇنىڭ،
گويا ئۇ تاش بولۇپ قاتقان تامچە ياش.

قانچە قىش ۋە باھار ئۆتتى بۇ يەردىن،
سورىدىم يوللارنىڭ باشلىنىشىنى.
سورىدىم ئۈمىدنىڭ نېمىلىكىنى،
جىمجىتلىق شۇڭغۇدى قەلبىم قەسرىگە...

سېغىنىش ئېلىپ كەلدى مېنى بۇ يەرگە،
بىلمەيتتىم ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى.
بىلمەيتتىم قەبرىگە بېرىشنى قانداق،
(شۇنچىلىك قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە)
بۈيۈك بىر ئازابقا بولدۇم يېقىنراق.

تۈن ئاستا سىلىدى يۈزۈمنى بىر رەت،
مىننەتدار بولۇشقا يوق ماڭا ئىمكان.
تىزىمەن تەسەللى سۆزىنى دىلغا،
بولغاچقا بۇ ئۆيدە قايغۇ ھۆكۈمران...

## يوپۇرماق

تۇرىدۇ پاك روھىم نۇرغا چىلىشىپ،
ئېھ، مۇشۇ زېمىندۇر مېنىڭ يۈرىكىم!...
يوپۇرماق،
سۆيمەكتە زېمىننى قۇچاقلاپ ئاستا...

پىنھاندا تىت-تىت بولۇپ تۇرغان ئەي ئادەم،
ئۆچ كۆرۈپ قالدىڭمۇ كۈننىڭ نۇرىنى؟
ئۆزگەرتىپ قويالماس ئەسلا سايىغا،
يوپۇرماق شەكلىگە ئۆزگەرگەن خۇدا،
تەشۋىشلىك كۆڭلۈمدەك يىللارمۇ مېنى.
يوپۇرماق،
ئاستاغىنە باشلىدى ناخشا،
گوياكى ياش قىزنىڭ ئۆكسۈگىنىدەك.
بۇلۇتلار لىققىدە نۇرغا چىلانغان،
كىم ئۇنى ئېپكېتەر بۇندىن ئاۋايلاپ؟
تەبەسسۇم تارقىتار يەردە گۈل-چېچەك...

ئايلىنىپ كېتەرمەن يات بىر ئادەمگە،
كىم سۆيسە ياش تۆكۈپ مۇزدەك تېنىمنى.
ئۇلۇغۋار ھىجراننىڭ تۆككەن يېشىدىن،
ياسىدىم شادلىقنىڭ مۇنارىسىنى.
روھىمنى ئۇچۇرۇپ كەتتى مەيۈسلۈك،
ئېھتىمال دۇنياغا تۆرەلدىم خاتا.

ئېھتىمال دۇنياغا تۆرەلدىم خاتا.
ياكى مەن يوللارنى تۈزۈك ماڭالماي،
شەپقەتسىز كۆرۈنۈپ قالغاندۇ دۇنيا؟...

ئۆزگەردىم يوپۇرماق شەكلىگە تولۇق...
كىم ئەمدى سۆيىدۇ مېنى پېتىنىپ،
شادلىقنىڭ مۇنارى ياسالغان جايدا؟...

# شېئىرلار

## ئەسقەر داۋۇت

### ئايال

سەن دېڭىز دولقۇنىدەك ئەۋرىشىم گويا،
ۋە لەرزان سەلكىندەك يېقىملىق بۇندا.
سەن بۈيۈك ئەسەرسەن، بىباھا تاشسەن،
گوياكى قەلبىمگە بەتلەنگەن ئوقيا.

دېرىزەم تەكچىدە ئېچىلغان گۈلسەن،
بەك گۈزەل رىۋايەت، ھېكايەت ھەم سەن.
باراقسان دەرەخسەن، ياپپېشىل چىمسەن،
بىر پارچە تەڭداشسىز مەنزىرىدۇرسەن.

ئۆزگىچە بىر پىكىر، ئىدىيە ھەم سەن،
بىر سىرلىق ۋەقەسەن، مۈشكۈل جەريانسەن.
مۇرەككەپ مەسىلە، خىيالسەن تاكى،
مۇمكىنلىك ھەمدە سەن چەكسىزلىكتۇرسەن.

بىر دانە نازۇككىنە سەنئەت بۇيۇمسەن،
ئۆزۈلمەس بىر يورۇش شانلىق مۇقام ھەم.
ئاھ! سەنكى تۈگىمەس ئۇزۇن كوچىسەن،
ماڭىمەن ئەبەدكە، ماڭىمەن ھەردەم.

### پاكلىنىش

ياردىم يورەك باغرىمنى تولۇق،
ئىچ-تېشىمنى قىلدىم ئەۋرىشكە.
رېنتگېندا كۆرۈندۇم پاكىز،
مەنە ئىچرە گۈزەل مەنزىرە.

رېنتگېندا كۆرۈندۇم پاكىز،
ئاھ، مىكروسكوپ تەڭلەندى سانسىز.
ھۆجەيرىلىرىم بىر ئاسمان ئاقتۇ،
گاھ ئاسمانىمەن، نۇرلۇق ۋە نامسىز.

پاك، غۇبارسىز، كۆپكۆك ئاسمانىدىم،
چاقتىنك دەھشەت چېقىن بوپ لېكىن.
مىليون يىللاپ ئاققان دەريادىم،
ۋە ئاقاتتىم ئەبەدكە تەمكىن.

رەڭ، ئاۋاز ۋە تەم بوپ ئەيلىدىڭ،
جۈيلۈدى رەڭ، ئۆڭدى تەم-پۇراق.
سۇندى ئاۋاز، سالمىدىم سۈرەن،
سالالمىدىم ھېچنېمە، ھېچقانداق.

### بۈگۈن ۋە ئەتە

بۈگۈنۈڭ ئازابتا ئۆتسىمۇ بىراق،
قايتىدىن نۇرلىنىپ قالسەن ئەتە.
بۈگۈنكى شادلىققا بەرمىسەڭ تەبىر،
تۈنۈگۈنكى بۈگۈنگە قايتىسەن يەنە.

ئەتە ھەممىگە بىلىنەر كۆركەم،
شۇ قەدەر مۇقەددەس، مەزمۇت، گۈزەل ھەم.
بۈگۈن گەر تۇماندا بولسىمۇ غايىب،
ئۇلۇغۋار چاقناشنى كۆرسەن جەزمەن.

تۆنۈگۈن ۋە بۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە،
تۆنۈگۈن ۋە بۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە،
تۆنۈگۈن ۋە ئەتە، ئۆتمۈش، كېلەچەك،
بۈگۈن ئىچىدىلا پۈرەكلەر ئەبەد.



## ئىنتىزارلىق

سۇغا چىقساڭ خىلۋەت ساھىلغا،
مەن بىر تەنتەك بېلىجان بولۇپ،
چۆمۈلۈۋالدىم سېنىڭ سۇغاڭغا.

باققا كىرسەڭ گۈل تەرمەك ئۈچۈن،
مەن بىر مەجنۇن كېپىنەك بولۇپ،
ئۇچۇپ يۈردۈم كىرپىكىڭ ئارا.

ئۇخلاپ قالساڭ ھۇجراڭدا بىخۇت،
سېنىڭ ئۇماق ئاسلىنىڭ بولۇپ،
مىياڭلىدىم مۇدھىش ئازابتا.

## ئىنتىلىش

### مەمەت ئابلا باقى

قورام تاش ئۈستىدە — دەريا بويىدا،
ئولتۇرار بىر قىزچاق شەپەققە قاراپ.
چاقچاقچى يېگىتتەك جىم تۇرماي شامال،
ئوينايتتى چېچىنى يەلپۈتۈپ تاراپ.

سۆيگەندە ئۇپۇقنىڭ لېۋىنى شەپەق،
لالىرەڭ قەدەھتەك كۆرۈندى قىزغا.
بىر تاتلىق ئېقىمدا كۆيۈشۈپ يۈرەك،
چۆمۈلدى ئۆزگىچە شېرىن بىر ھېسقا،

## خىلۋەتتىكى ئۆسكەلەڭ گىياھ

### ئەھەت داۋۇت

نەزەر يەتمەس پىنھان جىرادا،
دولقۇنلايدۇ تەمكىن بىر گىياھ
ياپراقلىرى كۈمۈش جام كەبى،
بەرگىدە كۈن ئەيلەيدۇ جۇلا.

غۇلى مۇزمۇت، ھىدى بەك ئۆتكۈر،
چەكسىز كۆگۈل ئاڭا بەنت-ئەسىر.
دىل قەسرىمىنىڭ شاھى ئۇ، چۈنكى
ئارمىنىمغا بېرىدۇ تەبىر.



# شېئىرلار

## ئابلەت ئابدۇرېشىت

### ئەمما

باغلىرىڭغا باشلىدىڭ مېنى،
گۈل كۆرەلمەي ياندىمەن ئەمما.
دەريايىڭغا باشلىدىڭ مېنى،
ئىچمەي تۇرۇپ قايتىمەن ئەمما.

قۇياش دېسەم، تولۇن ئاي دېسەم،
قۇقاس بولۇپ جىلمايدىڭ ئەمما.
ئۇچۇپ كەتتىڭ ماي قوڭغۇزدەك،
تۇتۇق بەرمەدىڭ قاچتىڭسەن ئەمما.

### سەن سەھەر ...

سەن سەھەر باھارنىڭ باغلىرى كەبى،
قىزارغان مەڭزىڭنى ئورىغان تۇمان.
سەن سەھەر شەبنەمدەك ئوماق ۋە سەبى،
قەدىمكى ئورماندەك ياتقان خىيالچان.

سەن سەھەر چۆچەكتەك شۇنچە رومانتىك،
ھەر قۇرۇڭ سۆزلەيدۇ مىڭلاپ تەلپۈنۈش.
سەن سەھەر گۈللەرنىڭ پورەكلىرىدە،
مەن ئۈچۈن تۇغۇلۇپ قالغان شېرىن چۈش.

سەن سەھەر يوللارنى سۆيۈپ تىۋىشىڭ،
ئىزلاردىن رىۋايەت ئىزلىگەن، كۈلگەن.
سەن سەھەر بۇلبۇلنىڭ غەمكىن كۈنىگە،
ئاشىقنىڭ كۆز يېشى بولۇپ تۆكۈلگەن.

# سۆيگۈ لىرىكىلىرى

## شىرئەلى مامۇت

### ئايدىڭ كېچە

جىمىرلىشار كۆكتە كېچە
كۆمۈش نۇرغا تويۇنغان زېمىن.
تىترەيدۇ يوپۇرماق يېنىك،
ئاستاغىنە ئاقىدۇ ئېقىن.

نەلەردىندۇر ئېپكېلەر شامال،
شېرىن ـ شېرىن پىچىرلاشلارنى.
ئەينەك كەبى كۆرسىتەر كۆللەر،
ئاچچىق ـ چۈچۈك تىپىرلاشلارنى.

### ماركىسىز خەت

چىقارمىسا سىرتلارغا ئاتاڭ،
مەيلى جېنىم غەم قىلما ئارتۇق.
ھەر ئاخشىمى شۇلا كۇپايە،
دېرىزەڭنى قويساڭلا ئوچۇق.

دېرىزەڭنى قويساڭلا ئوچۇق،
پاك سۆيگۈمىز قالمايدۇ يېتىم.
كىرەر ئۇندىن بىسالال ئۇچۇپ،
ساڭا يازغان مۇھەببەت خېتىم.

# مەڭگۈلۈك سۆيگۈ

**بۇخەلچە ئەمەت**

1

سەرسان ئايدڭ خيالمنى قلمغن ۋەيران،
سۆيگۈم ساڭا شاهد بولسۇن بېچارە كېچە.
بۈگۈن ئەسلەپ قايتتم كونا بۇلاق بېشدن،
نگار سېنى ئۇنتۇلالماي ھەسرەت ئىچدە.
سېغنشتا ئۇمتۇلمەن قەلبمدكنى —
قلالمايمەن مسرالاردا ئەبەدىي ئىزھار.
سەنمۇ ئەسلە نگار مېنى شۇنداق بر كېچە.
يوشۇرمغن ھېسلرڭنى پەقەت ۋە پەقەت،
كەل، گرە سال خيالمغا تارتنما زنهار.

2

ۋناس ئاڭا ياش تۆكمەكتە قايغۇلۇق تۇستە،
كۆزۈڭلارغا سۇرتمنى قويۇڭلار ئويۇپ.
كۆچۈرمشم قەلبڭلارغا بولسۇن ئابدە،
بر كۈنلەردە تۇغۇلمغان يلان بوپقالسام،
كۈلۈمسرەپ گۈل بەرگدە تۇرغان شەبنەمگە،
تونۇپ مېنى ئاھ، ھەممڭلار قلڭلار سەجدە.

3

دېڭز يوقتۇر مېنڭ قۇرغاق يۇرتۇمدا پەقەت،
سەن دېڭز بول (ھاياتمنڭ ئەبەد گۈلتاجى)
خەرتگە چۈشەلمەيدۇ كچكلكدن
يەر شارنڭ بر قسمى ئۇ يېزلمغان بەت.

4

خالمايمەن باشقا برسى ئېلپ ئىلكگە،
يۈركڭنى، پاك سۆيگۈڭنى قلشنى ۋەيران.
بەختسزلك تۇرمۇشڭغا ئېپكەلسە كۈلپەت،
بولار ماڭا ئاھ، نەقەدەر دەھشەت بر ئازاب!
ئۆلۈش مەنسۇپ تويۇڭ بولغان كۈنلا ماڭا،
قەرز قلپ ساڭا ئاتەش مۇھەببتمنى،
ئەقىدەمنى قوبۇل قلغن، قلاي ھەدىيە.

5

ئۆتۈپ قالساڭ سۆيگنڭنى قولتۇقلاپ بر كۈن،
قەبرە سۇپام قوپۇرۇلغان شۇ خلۋەت جايدن.
مۇھەببەتنڭ نامى بلەن ئوقۇپ قەسدە،
ئۆتۈپ كەتكن تلكم شۇ، كەتسەڭمۇ ئاندن.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇراخمان توختى

## يۇلتۇز

كۆز تاشلىشىڭ شۇنچە يېقىملىق،
ۋۇجۇدىڭدىن تۆكۈلەر سۆيگۈ.
چېھرىڭ مەپتۇن قىلار ۋە بىراق —
ۋىسال تاپماي يۈرىمىز مەڭگۈ...

## كۆڭۈل

چۈشەنمىدىم كۆڭۈل دېگەننى،
تىلسىماتتەك سىرلىق مۆجىزات.
دەسسىۋېلىپ تۇزاقلىرىغا،
ئۆزگىلەردىن يېدىم كۆپ كاچات...

## سۆيگۈ يېشى

خالىدەم كەنجى

جۇپ كۆزۈمدىن سىرغىغان قەترە،
گۈل بەرگىگە قونۇپتۇ پىنھان.
ئۇنتۇلماس ئىز سالدى كەچمىشكە،
پاك سۆيگۈ دەپ ئۇرغۇغان پىغان.

ھەسرىتىمنىڭ يېشىل بولۇتى،
يۇتۇۋاپتۇ بەختىمنى تىمتاس.
ئاھ، سۆيگۈسىز يىگانە قالدىم،
ئايىغىڭغا باش قوياي ۋىناس.

## ۋىسال پەيتى

پاشاگۈل ئىسمايىل

ھىجرانىغا چىدىماي يىقىلساڭ،مەڭگۈ —
ئالدىراپ كۆز يۇما، كۈتۈپ تۇر. مېنى!
قەلبىمدە ئالەمچە ئاتەشلىك سۆيگۈ،
تاشلىناي يۈرەككە، يېقىپ يۈرەكنى.

ئېرىسۇن مۇزلىغان يۈرىكىڭ قايتا،
كۆز ئاچقىن ھاياتقا سۆيگۈم تەپتىدە.
ئورۇن يوق ئەزەلدىن قايغۇ، ماماتقا،
تىرىلگەي ھەر كىشى ۋىسال پەيتىدە.

## لالەم

غەنىمەت قادىر

ئارمانلارنىڭ نىلوپەرى بولۇپ،
كۆللىرىدە ئۈنسەم جان لالەم.
چېچەك بولۇپ تۆكۈلسە قىش-ياز،
يوللىرىڭغا سۆيگۈ-ئەقىدەم...

چەكسىزلىكلەر ئۆپقۇنى كۆزۈڭ،
دولقۇن ياساپ يالمىسا مېنى.
بىلەرمىدىڭ بار دەپ تەكتىدە،
كىچىككىنە قۇلۇلە قېپى...

زەڭگەر كەڭلىك داۋالغۇشلىرى،
چايقاپ بوزغۇن چېچىلغىنىدا،
ئېپكىلەرمۇ دالا شامىلى،
ئاق چۇغلۇقنىڭ كۈيىدىن سادا،

تەكسىز تىلسىم كۆزۈڭگە لالەم،
ئاق بېلىق بولۇپ شۇڭغۇپ كىرتەيمۇ.
داۋالغۇتۇپ زىلال قەلبىڭنى،
شامال بولۇپ سۆيۈپ ئۆتەيمۇ...

## ياشلىقا

### ياسىنجان ئەرشدىن

ئۇقۇمايمەن لەنەت قارغىش ياشلىقىم ساڭا،
سەن كېتىۋەر تەنتەكلىكىنىڭ هارۋىسى بىرلە.
چىغىر يولغا، جاڭگاللارغا، پىنهان-باغلارغا...
سەن گوياكى جەسۇر بىر قۇش، ئۇچقىن ئاسماندا.

باغلىشايلى بىز ئىككىمىز تەقدىر ئۇستىدە،
سەنىڭ تىككىن بارلىقىڭنى، مەنىڭ ئۆزۈمنى.
ئۇچرىشايلى جەننەت ياكى دوزاخ ئىچىدە،
سوۋغا قىلىپ بۇ دۇنياغا بارچە ئۇتۇقنى.

شۇنداقتىمۇ ئىلتىجا قىپ ياش تۆكۈپ قالسام،
ئەجەب ئەمەس، نەگە يۇتتۇڭ ئالتۇن ئاچقۇچ دەپ.
سەن كېتىۋەر توسالغۇسىز يەتكىن ئارمانغا،
نېمە قىلاي توسۇپ سېنى، غەملىرىڭنى يەپ!

## سۇرەتتىكى يەر

### ئابلىز ئوسمان

يۇلتۇزلاردەك يىراقسەن ئەمما،
شېرىن لەززىتىڭ ماڭا زوق بېرەر.
بولدۇقلايدۇ باغرىڭدا ياشلار،
مەن ئوت،
سەن ئوت —
بىر جۈپ سەمەندار!
ئارىمىزدا يوقتۇر پىلسىرات،
چاقنار پەقەت ئىشقىنىڭ سەمىرى.
يۈرىكىم قۇش ئۆزۈك قانات-پەر،
جاندۇر ئاڭا ئۆلۈم كەۋسىرى.
يېلىنجايمەن تۇپانىڭ ئارا،
ئۇندا رەڭدار پارلايدۇ بىر چۇش.
بوشلۇقلاردىن تۆكىدۇ يۇلتۇز،
دولقۇنىڭدا تىترىگەن ئۆكسۈش.
باغرىڭ ئارا قەلبىم پارچىسى،
شەپەق كەبى تۇرار نۇرلىنىپ.

يارىلارمۇ زېمىن قايتىدىن،
بولۇتلىرىم كەتسە قوشۇلۇپ؟
خىيالىمدەك يىراقسەن ئەمما،
باللىقتەك لەززەتلىك بىر يەر.
ئەي سەن بەلكىم قەبرىگاھىمسەن،
يۈرىكىم قۇش ئۆزۈك قانات-پەر.



# ئىككى شېئىر

جاسارەت

## ھاياتلىقنىڭ ئانىسى

ئەنسىرىمە، يېمە ۋايىم جان ئانا،
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىسە ياز كۈنى.
سۇغا تەشنا چۆلنىڭ ھايات ناخشىسى،
ئۇنىڭ ئاشۇ سەن چۆچىگەن كۈي-ئۇنى.

ھاياتلىققا رىشتە باغلاپ شۇندىلا،
بىخ سۈرىدۇ داللاردا كۆك يانتاق.
ياپىراقىدا جىلۋە ئەيلەپ تامچىلار،
كۆرۈنەر گۈل كۈن نۇرىدا زەپ ئوماق.

پايانى يوق چىمەن ۋادا يۇيۇنۇپ،
كائىناتقا نازىلىق بىلەن باققۇسى.
جاراڭلىنىپ شاد ناخشىنى دەريالار،
ئاسمان-پەلەك دولقۇن ياساپ ئاققۇسى.

ئارامىنى بۇزالمايدۇ پاشىلار،
«غىڭ-غىڭ» قىلىپ بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ.
شەيدا قىلار دىلنى يېشىل كىمخابى،
قاقاسلىشىپ كەتكەن تاغۇ-دالىنىڭ.

* *

ئەنسىرىمە، كەتمە ئانچە تەمتىرەپ،
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىسە جان ئانا.
چۆللەردىكى مەۋجۇداتقا قايتىدىن،
ھاياتلىقنى تۇغۇپ بېرەر ئۇ گويا.

## ئاھۇ كۆزلەر لەززىتىدۇر ھاياتنىڭ

ئاھۇ كۆزلەر، ھۆرمۇسىلەر يا پەرى،
جىسىملاردا باردۇ قانداق مۆجىزات؟
ئۆزۈڭلارمۇ گۈزەللىكنىڭ ئەختەرى؟
ئىشقىڭلاردا ئارام تاپماس بۇ ھايات.

ئېزىتقىمۇ ياكى سىلەر سېھرىگەر؟
مېڭىشىڭلار بىر چىرايلىق مەنزىرە.
قوللىرىڭلار چاققان ئەجەب شۇ قەدەر،
قايسى چاغدا كىمدىن ئالغان تەربىيە؟

سىلەر كۆكتىن خۇپپىيانە چۈشكەنمۇ،
قەددىڭلاردىن بېرىپ ئۆرنەك چىنارغا؟
يۈزۈڭلارنى نۇر ئىلاھى سۆيگەنمۇ؟
ئوخشاش ئىللىق چېھرىڭلار نەۋباھارغا.

ئۇستا رەسسام يا سىلەرنى سىزغاندا،
جان بەرگەنمۇ مەستلىكى كېپ ئىلاھىنىڭ.
تىنىقىڭلار قوزغار سەۋەس ئىنساندا،
خۇش ھىدىنى ئالغان قايسى گىياھنىڭ؟

قۇياش كەبى چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭلار،
كۈندىشىمۇ ئاسماندىكى چولپاننىڭ؟
ئاشۇ ياڭراق، تاتلىق، ئوماق سۆزۈڭلار،
جەۋھىرىمۇ نادىر لىرىك داستاننىڭ؟

ئالدىڭلاردا باش ئۇرمىغان قاچاندا،
ئاشىق بولۇپ قايسى باتۇر، قايسى خان؟
سىلەر ۋىسال شارابىنى سۇنغاندا،
ۋاھ، راھەتتىن يايراپ كېتەر بۇ تەن-جان!

بولغاچ سىلەر ھەر كۆڭۈلگە ھۆكۈمران،
مېھرىڭلاردىن تۆكۈپ سۆيگۈ شەربىتى.
ئارام بولار ئاشىقلارغا ھەرقاچان،
ۋىسال ئۈچۈن چەككەن بارچە كۈلپىتى.

# ئالتىنجا

(ھېكايە)

ئەخمەت تۆمۈر

يەرنىڭ توڭىنى ئالدىغان ئاچچىق شامال يىلاندەك ۋىشىلداپ قالدۇق قار-مۇزلاردىن كىچىك-كىچىك ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلغانىدى. قىشچە ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۈستىدە «ئەجدىھار» دەك سوزۇلۇپ ياتقان قېلىن مۇزلار مانا ئەمدى قېتى بۇزۇلغان قاتلىما ناندەك پارە-پارە بولۇپ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ ئاقماقتا... ناگان-ناگاندا سۆگەت يىلتىزلىرىغا ۋە گىرۋەكلەرگە ئېسىلىپ قالغان مۇز پارچىلىرىنىڭ چېقىلغان ئەينەكتەك تاراڭلاپ چۈشۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرماقتا... نەمخۇش ھاۋا، ئاخشىمى غىلتاڭ بولۇپ قېتىپ كەتكەن يوللارنىڭ ئېرىشى باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى... مەن ئانا يۇرتنىڭ ئاشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆستەڭ بويىدىكى ئەگرى-بۈگرى يولنى بويلاپ يېزا بازىرىغا كېتىۋاتىمەن. بىرنەچچە كۈندىن بېرى يۇرتداشلارنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرى بىردە كۆڭلۈمنى خۇش قىلسا، بىردە كۆڭلۈمنى غەش قىلماقتا... مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ھاكىمنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن بىر نەرسە دەي دەپ ئويلىدىم. ماشىنىنىڭ «پىت-پىت» قىلغان يەڭگىل سىگنالىدىن چۆچۈپ ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىمغا كابىنكا ئىشىكى ئېچىلىپ، بېشىغا كۆرپە قۇلاقچا، ئۈچىسىغا پەنۇ كىيىۋالغان دىقماق بىر ئادەم ماشىنىدىن چۈشتى-دە، ئالدىمغا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى:

— سىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئالىم — زاھىت بولامسىز؟

— شۇنداق!

— دەل ئۈستىدىن چۈشۈپتىمىز-دە، مەنمۇ ئۈستى-بېشىڭىزغا بىر قاراپلا شۇمىكىن دەپ پەرەز قىلغان، ھى-ھى... يۈرۈڭ... يۈرۈڭ ماشىنىغا چىقىڭ...

— نېمە ئىش؟

— نېمە ئىش بولاتتى، ھەقىچان سىز مېنى تونۇمايسىز، مانا مەن قاراڭ، باۋۇدۇن ھاكىمنىڭ مەخسۇس كاتىپى. سىزنى ئېلىپ كېلىشنى شەخسەن ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بۈگۈن مانا مەن ئاتايىن سىزنى ئالغىلى كېلىشىم. ھى-ھى... قالدى گەپنى ماشىنىدا كېتىۋاتقاچ دېيىشەيلى.

— ناھايىتى ئوبدان، مەنمۇ بۈگۈن باۋۇدۇن بىلەن كۆرۈشەي دەپ يولغا چىققان...

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا باۋۇدۇن، باۋۇدۇن دەۋەرمەڭ. دېگۈڭىز كەلمىسىمۇ «ھاكىم» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇڭ، بىزنىڭ بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەنسىپىنى قوشۇپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. بىزلەرغۇ كۆنۈك. بولمىسا ھاكىمنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقالايتتۇقمۇ؟

— ھا-ھا... ھا-ھا... قىزىقكەنسىز، «مەنسەپ» دېگەننى ئاتىمىز ئىسمىم قىلىپ قويمىغان تۇرسا، بۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۈلۈكمۇ؟

— سىز چۈشەنمەيدىكەنسىز، بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئەمەلنى ئاتىمىسا كىشىلەر ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق، مېھماندارچىلىقتا تېخىمۇ شۇنداق، ھى-ھى... قىزىق گەپ، بۇرۇنقى كاتىپ بىرنەچچە قېتىم ئادەم جىق يەردە «باۋۇدۇنكا، باۋۇدۇنكا» دەپ چاقىرىپ قويۇپ قوڭغا تېپىك يېدى. ئەسلىدە ھاكىممۇ ئانچە ھار ئالمىغان. بىراق بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ھاكىمغا، ئۇ كاتىپنىڭ ئۆز ئىززەت-ئابرويىنى قىلماي، خەلقى-ئالەم ئالدىدا تۆكىنى چۈشۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى تازا ئېزىپ ئىچۈرۈپتىكەنمەن، پايدىسى ماڭا بولدى. بۇنداق دېسەم، بۇ ئادەم تازا چېقىمچى، ئىچى قوتۇر بىرنېمە ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ، ھاكىمنى بىزدەكلەر ئەتىۋارلىمىسا كىم ئەتىۋارلايدۇ.

— كاتىپ، بۇ سۆزىڭىز تازا جايىدا بولمىدى. ھاكىملىقنى خەلق بەرگەن، خەلق ھىمايە قىلىپ سايلىغان، يەنە شۇلار ھاكىمنى ئىززەتلەيدۇ، ھاكىم دېمەك «يۇرت بېشى» دېگەنلىك، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خەلقنىڭ چاكىرى دېگەن سۆز.

— بىلىمەن، بىلىمەن. مەن ئەل قاتارى قول كۆتۈرۈپ سايلىغان، مۇنداقچىلا دەپ قويدۇم، قېنى تاماكا چېكىڭ.

— رەھمەت، مەن تاماكا چەكمەيمەن.

— ئوھھوي، كاتتا ئەربابلارنىڭ ئارىسىدىمۇ تاماكا چەكمەيدىغانلار بار ئىكەن-ھە، مانا قاراڭ، بىزدەكلەرگە ئامال يوق، خىزمەت قىلدۇق دەپ ئىنتەك سوكۇلداپ يۈرۈپ، بوغۇلۇپ كېتىپ ئاچچىقىمىزدا چېكىپ سالىمىز-دە بۇنى، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئارقىمۇ-ئارقا ئۈزمەي چېكىپ، ماشىنىنىڭ ئىچىنى ئىسقا تولدۇرۇۋەتتى. مەن دېرىزە ئەينىكىنى سۈرۈپ قويدۇم. مۇزدەك ئىسۇغۇق شامال ماشىنىدىكى ئىس-تۈتەكنى سىرتقا ھەيدىدى. مەنمۇ ئەركىن نەپەس ئېلىپ خېلى ئوڭشىلىپ قالدىم. كاتىپ ئۆزىنىڭ بايىقى قىلىقلىرىدىن بىر ئاز خىجىل بولدى بولغاي، ماڭا ئەتەي سۈركىلىپ كۈچۈكلىنىشكە باشلىدى.

— زاھىت پروفېسسور، مەن بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىۋاتىمەن. باياتىن سىزنى بىسىز دەپ سالدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

— ھېچقەسى يوق، مېنى زاھىت دەپ ئاتىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

— ياخشى، ياخشى. ئېملا دېگەنبىلەن بەنە چوڭ شەھەردە ياشىغانلار ئوڭلۇق-دە! قىزىق ئىش، ئۆتكەن يىلى ھاكىم بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ قالدىم. قاراڭ، كەچتە ھاكىمنى ئوينىتىپ كۆڭلىنى ئاچايلى دەپ بىر سودىگەر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە ئاپاردىم. ئۆيگە كىرسەم ھەر بىرى بوغما تاغاردەك، لەگۈچدەك لىپىلدا-پ تۇرىدىغان ئۈچ سەتەڭ ئولتۇرۇپتۇ... كەيپىمىز چاغ. تازا قانغۇدەك تۇتۇشۇپ ئىچىشتۇق، سۆزلەشتۇق، كۈلۈشتۇق. بىركەمدە قارىسام، باشقىلار سەتەڭلەر بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، مەنمۇ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن شۇلاردىن بىرىنى تارتىپ ئوتتۇرىغا چۈشتۈم. تانسىغا چۈشۈپلا ھېلىقىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالماسىمەنمۇ، تازا كېلىشكەن كاچاتتىن بىرنى يېدىم. ئارقىدىنلا نېمە دېدى دېمەمسىز، «ئۆتۈپ بېرىڭ نېرى، كىچىكىزدە تەخەيمۇ يېتىلەپ باقمىغان

نېمە ئىكەنسىز» دېيۈىدى، ئىزا-ئاھانەتكە
ئۇلدۇم، ئاخىرى تىلىمنى چايناپ: «خاپا
بولمىسىلا، مەن ئەيىبلىك» دەپ بولغىچە
«ئالتە شەلىكمۇ سىز؟! بىزنىڭ بۇ يەردە
بارغۇ، ھەرقانداقىنى سىز دەپ چاقىرىدۇ،
قاملاشمىغان...» دېگىنىچە ئورنىغا بېرىپ
ئولتۇرۇۋالدى. مەن شۇ كۈندىكى خاپىلىق
بىلەن ئەتىسىلا يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەن.
ھاكىمغا جىق مەسلىھەتمۇ بەردىم، يۇقىرى-
دىن كەلگەنلەرنى ھۆكۈمەت نامىدىن
ھەممىيلەن «سىز» دەپ ئاتاشنى
تەشەببۇس قىلىپ بىر پارچە ئۇقتۇرۇش
چۈشۈرەيلى دەپ.
— ھاكىم ئۇنىدىمۇ؟
— نەدىكىنى، تېخى مېنى مازاق قىلىپ
«يۇرتۇڭدىن تانغىلى كېلىۋاتامدۇ؟ بۇ،
ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ ئاتىلىپ كەلگەن
ئاتالغۇ تۇرسا، ئۇنى بىر ۋاراق ئۇقتۇرۇش
بىلەن ئۆزگەرتىۋەتكىلى بولامتىمۇ» دەپ
بىرھازاغىچە سۆزلەپ كەتتى.
— ئۇنىڭ خېلى جىگىرى بار
ئىكەن-ھە؟
— جىگىرى دېمەي يۈرىكى دەڭ. ئۇنىڭ
يۈرىكى قاپتەك بار. ھاكىم بولۇپلا ئاۋۇ
بىنالارنى، ماگىزىنلارنى سالدۇرۇۋەتتى،
شەخسەن ئۆزى نەق مەيداندا ئىش
بېجىردى، مەنمۇ جىق ھەلەك بولدۇم.
ھاكىمغا ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۇسسۇزلۇق يەتكۈزۈپ
بەردىم. ئاخشىمى-ئەتىسى ھاكىمنىڭ
ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن سەنئەت
ئۆمىكىمىزنىڭ سەنئەتچىلىرىگە دەپ سورۇن
ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردىم. ھې-ھې...
— ئۇنداقتا ھاكىم سىزنىڭ بىشارىتىڭىز
بويىچە ئىشلەيدىكەن-دە!
— دەسلەپتە رەت قىلىپ باقتى. كېيىن-
چە... نەدە ئۆزىگە راھەت قوغلاشمايدىغان
باشلىق بار؟ تارتىنمىسىلا، قالغىنىنى ئۆزۈم
توغرىلايمەن، دېدىم. ئاخىرى ئويۇن-تاماشى-
نىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن «قوي
يەمگە ئۈگىنىپ كەتكەندەك» ئىزدەيدىغان
بولدى. ھې-ھې...
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تېنىمنى شۈركەن-
دۈرۈۋەتتى. ئادەملەر نېمىدېگەن گۈل-ھە!
باۋۇدۇن ئاشۇنداق ئۆزگىرىپ، بۇرنىدىن
نەگە يېتىلىسە شۇ يەرگە ماڭىدىغان
ھالغا كېلىپ قالغاندىمۇ؟...
— ئاڭلىسام ھاكىم بىلەن ساۋاقداش
ئىكەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
— نېمىدېگەن ياخشى! بىرىڭلار پروفېس-
سور، بىرىڭلار ھاكىم ... قولنى نەگە
سۇنساڭلار شۇ يەرگە يەتكۈدەك.
— ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە بولسۇن؟
ئۇ جىم بولدى. مەن ماشىنا كۆزنىكىدىن
قاتار-قاتار سېلىنىپ كەتكەن بىنالار،
كەڭرى-ئازادە ئاسفالت يوللار، يوللاردا
ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناۋاتقان ماشىنا-تراكتورلار-
غا قاراپ، چوڭقۇر خىيال ئىچىدە بۇرۇختۇم
بولۇپ ئولتۇرىمەن... ئارىلىقتىن يىگىرمە
بەش يىل ئۆتتى. بۇگۈنكى كۈندە چوپچوڭلا
ئادەملەردىن بولۇپ كەتتۇق، خىزمىتىمىز
بۆلەك-بۆلەك جايلاردا بولسىمۇ، ئورتاق
بىر نىشان ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز، باۋۇدۇن
بىلەن كىچىك ۋاقتىمىزدا قىلىشقان ئاشۇ
شېرىن خىياللىرىمىز رېئاللىققا ئايلىنىپ
يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر
بارلىققا كەپتۇ. ئەمما باۋۇدۇن بىلەن
ئىككىمىز ئوقۇغان ئانا مەكتىپىمىز تېخىچە
يېڭىلانماپتۇ. تاملىرى بوۋايلارنىڭ بېلىدەك
ئېگىلىپتۇ. باللار مۇشۇ سوغۇق كۈنلەردىمۇ
ئاشۇ كونا سىنىپلاردا دۈگدىيىشىپ ئوقۇۋېتىپ-
تۇ، كۆرگەن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ.

ئىككىمىز بىلىق تۇتقىلى چىقىدىغان ھېلىقى ئېقىنغا تېخىچە كۆۋرۈك سېلىنماپتۇ. بۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتىمۇ؟! دېھقانلار ھازىرغىچە ئىككى قاتقا ئۆتمەكچى بولسا ئات-ئېشەككە مىنىپ ئۆتىدىكەن. ھېچبولمىسا شۇلارنى ئويلاپ قويسا بولماسمىدى...

— كەلدۇق، — دېدى كاتىپ يېڭىدىن سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىنانى كۆرسىتىپ. ماشىنا تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازىدىن كىرىپ ئايۋان ئالدىدا توختىدى.

مەن پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ ئايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇشقان ئادەملەر ئىچىدە تونۇش بىر چىرايىنى كۆرگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ ئاقپىشماق، ئاق يۈزلۈك، گىرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالغان ئايال ماڭا تولىمۇ تونۇش كۆرۈندى. ئۇنىڭ زاڭقىنىڭ سول تەرىپىدىكى تومپىيىپ تۇرغان قارامتۇل مەڭ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ، پاشا مۇئەللىم شۇمىدۇ دېگەن ئوي چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلۈمگە كەچتى. مەن بۇ ئايالغا سالام بەرمەكچى بولدۇم-يۇ، بەلكىم ئوخشاتقاندۇرمەن، سەزگۈلۈرۈم خاتالىشىۋاتقان-دۇ، دېگەن خىيال بىلەن پىكرىمدىن يانـدىم. ئەمما ھېلىقى ئايال كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە قوش قاناتلىق ئىشىككە قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— يۇرۇڭ پروفېسسور، بۇنداق ئادەملەر-دىن كۈندە نەچچىسى كېلىپ تۇرىدۇ، ھاكىم ساقلاپ قالدى. مەن ئۇنىمەستىن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىراق پۇتلىرىم تاش ئېسىلغان-دەك بىردىنلا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا بايىقى ئۇچرىشىش سەۋەبىدىنمىكىن، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ بېشىم زىڭىلداشقا باشلىدى. ئاشۇ مەڭ، ئاشۇ تونۇش چىراي مېنى ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى.

— نېمە بولدى پروفېسسور، يۆلۈۋالايمۇ، سىلەرنىڭ چوڭ شەھەردە يۇقىرى قەۋەتكە لىفت بىلەن چىقىدىكەن، بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشتاننىڭ ئېغىغا تايانماقتىن باشقا چارە يوق. ھى-ھى...

— ياقەي، بىزمۇ كۈندە پەلەمپەيدىن چىقىپ-چۈشىمىز، بۇمۇ بىر چېنىقىش ئەمەس-مۇ؟

بىز ئاخىر ھاكىم ئىشخانىسىغا كىردۇق.

— بەللى ئاغىنە، كەلگىلى شۇنچە كۈنلەر بوپتۇ، قاراڭىمۇ كۆرسەتمەي كۈرۈك مېكىياندەك ئۇۋاڭدىن چىقماي يېتىۋالدىڭمۇ؟! ھا-ھا... — ئۇ مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مەنمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتتىم.

— مېنىڭمۇ سېنى قەۋەتلا كۆرگۈم كەلگەن. ئەپسۇس، تونۇغقانلار بېكەتكە چۈشۈشۈمگىلا كۈدە-كۆرپە سېلىنغان ئات ھارۋىسىنى ئەكىلىپ مېنى ئېلىپ كېتىشتى، ئامال يوق...

— سەن كەلمىگىلى نەچاغ، تۇغقانلىرىڭمۇ سېغىنغاندۇ، ھازىر ئۇلار باي بولۇپ كېتىشتى، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن.

— باۋۇدۇن، بۇ كاتىپىڭ قىزىقچى ئادەم ئىكەن، يولدا كەلگىچە مېنى تولا كۈلدۈ-رۈپ...

— ۋاي-ۋۇي، بولدى قىلسىلا پروفېسسور، مەن سىلىنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ نەدىكى بىر گەپلەرنى دەپ قويدۇم شۇ.

— بىلىمەن، بىلىمەن. شۇڭا يولدا زېرىكىپ قالماي دەپ نەگىلا بارسام قانىتىمغا قىستۇرۇۋالىمەن بۇنى، بەزى ئىشلارغا خېلى دىتى بار، ئايىغى يېنىك. — قېنى كاتىپ، ئىشنى توغرىلاڭ.

كاتىپ «خوش» دېگىنىچە پەسكە

تاراقشىپ چۈشۈپ كەتتى.

— ھە دوستۇم، — دەپ گەپ باشلىدى باۋۇدۇن، — ئۇزاق زامان بولۇپ كەتتى، سېنىڭ بىلەن چىلاشقۇدەك ئىچىشىپ بولالمىغىلى، بۈگۈن سېنى بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي، جۈمۇ!

— بولدى ئاغىنە، مۇشۇ ئىشخاناڭمۇ بىزگە يېتەرلىك. بولمىسا، ئۆيۈڭگە بارساقمۇ مەيلى، ساڭا ئېيتىدىغان گەپلىرىم جىق، خالىي مۇڭدىشايلى.

— بەللى ئاغىنە، ماڭا خالتا-خالتىلاپ گەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ بۇنىڭغىمۇ ئۈلگۈرىمىز تېخى... يۈر، — شۇنداق دېگىنىچە كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىقلىق پەلتوسىنى كىيىپ بىلىكىگە ئېسىلدى. بىز گويا بىردەمدىلا ئەينى يىللاردىكى ساۋاقداشلىق ۋاقتىمىزدىكىگە ئوخشاش بىر-بىرىمىزگە سوغدىشىپ پەسكە چۈشتۇق. بىز ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمىزغىلا، بايامقى ئىشىك ئالدىدا دۈگدىيىپ تۇرۇشقانلار دۈررىدە يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىنى توسۇشتى:

— ھاكىم، مېنىڭ ھېلىقى ئىشىمنى...

— ھاكىم، ئۆي مەسىلەمنى...

— ھاكىم...

ھاكىم جاۋاب بېرىپ بولغىچە، شوپۇرنىڭ يېنىدا تۇرغان كاتىپ ئۇلارنى ئىتتىرىپ ھاكىمغا يول ئاچقاچ ھېلىقى كىشىلەرگە كايىشقا باشلىدى:

— كۆزۈڭلار قارىغۇمۇ؟ قاراڭلار، ھاكىم بىلەن كېلىۋاتقان كىشى يۇقىرىدىن كەلگەن چوڭ ئەرباب، پروفېسسور، ئۇلار مۇھىم ئىش بىلەن سىرتقا ماڭدى. گېپىڭلارنى ئەتە-ئۆگۈن ئېيتساڭلارمۇ بولىدۇغۇ؟ سىلەر بىر يەرگە كەتمىگەندىكىن.

— ئۇكام، بايا ھاكىمنى يوق دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ نېمشقا يالغان گەپ قىلىسىز؟

— ھاكىم دېگەن مانا مۇشۇ دەپ ئالدىڭلارغا چىقىرىپ بەرسەم بولاتتىمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ، ھاكىم يۇرتنىڭ غېمى بىلەن ئاۋارە، ھەم، بىلەمسىلەر شۇنى؟

— ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا ھېلىقى مەگىلىك ئايال ماشىنىنىڭ ئىشىك تۇتقۇچىغا ئېسىلدى:

— ھاكىم، مېنىڭ ئىلتىماسىمنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— ئىلتىماسلىرىنى كاتىپ ساقلايدۇ، يەنە ئىلتىماسلىرى بولسا كاتىپقا بېرىپ قويسىلا.

— بەرگەن، ئون بەش قېتىملىق ئىلتىماسىنى شۇ كاتىپقا بەرگەن.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ قېتىم شەخسەن ئۆزۈمگىلا بەرسىلە.

— بولىدۇ ھاكىم، بولىدۇ...

كاتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ماشىنا قوزغالدى.

باۋۇدۇننىڭ كەيپى چاغ، ئۇ ئالدىمىزدا ئولتۇرغان بولۇپ، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقاپ كېرىلگىنىچە ماڭا سۆزلىمەكتە:

— قارا ئاغىنە، ھاكىم بولغاندىن كېيىن ئىشنى نەدىن باشلىدىڭ دېمەمسەن؟ ئالدى بىلەن شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىشتىن باشلىدىم. بۇرۇنقىلار قويدۇرغان مەجنۇنتال ئورنىغا قارىغاي قويدۇردۇم. ئىككىنچى يىلى يوللارنى قاراماي قىلغۇزدۇم. ئۈچىنچى يىلى بىنا سېلىشقا تۇتۇش قىلدىم. شەھەر بولغاندىكىن ئۆزىگە خاس يارىشىقى بولمىسا بولمايدۇ-دە! بۇرۇنقى ھاكىم پوكىنىغا بېسىپ ياتقان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى جايى-جايىغا ئىشلەتتىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئاۋۋالقى خارابە شەھەر ئەمدى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقىي شەھەرگە ئايلاندى.

— شەھەرنى كۆكەرتىپ ياخشى قىپسەن
ئاغىنە، يېزىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويمىساڭ
بولمىغۇدەك، كۆۋرۈكلەر بۇزۇلۇپتۇ، مەكتەپلەر
كونىراپتۇ. يەنە ئېرىق-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىمۇ
تاشلىنىپ قاپتۇ. ئاممىنىڭ ساڭا پىكرى
باردەك قىلىدۇ.

— پىكرى بار دەمسەن؟ ھەر كىم
ھەر نېمە دەيدۇ، ھەممە ئىش ئاستا-ئاستا
بولىدۇ-دە! ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادى تازا
ياخشى ئەمەس، يېتىشەلمىدۇق، ھازىرچە
ئاشۇ ياغاچ كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلدۇرۇپ
تۇرسا بولمامدىمۇ؟ مەكتەپ كونىرىغان بولسا
ئۆزلىرى يېڭىلاپ سالسۇن، ئېرىق-ئۆستەڭلەر-
گە كەلسەك، ھەممە نەرسە ھۆددىگە
بېرىلدى. سۇ ئۆزىگە لازىم بولغاندىكىن،
ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىنىشى لازىم-دە! بۇ
توغرۇلۇقمۇ نۇرغۇن قېتىم يىغىن چاقىردۇق،
ئۇقتۇرۇشلارنى تارقاتتۇق، ماڭا ئۇنىڭدىن
باشقا نېمە ئامال؟! — بولدى قوي ئاغىنە،
بۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشمايلى. بۈگۈنكى
گەپ سېنى كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىتىش...

دېمىسىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى.
كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ دېرىزە كۆزنىكىنى
ئېچىۋەتتىم، كۈچلۈك ھاۋا ئېقىمى سەزگۈلۈرۈم-
نى غىدىقلاپ، كۆڭلۈمنى نېرىراق قىلدى.
بىراق مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ بۇندىن بىر
ھەپتە بۇرۇنقى ئىلتىجالىرى مېنى چوڭقۇر
ئويغا سالماقتا ئىدى.

* *

مەن مەھەللىگە كەلگەن كۈنىنىڭ
ئەتىسى ئۆيگە پەتە قىلىپ كېلىپ تۇرغانلار-
نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى... ئەنە شۇلاردىن
بىرنەچچىسى ماڭا ھال ئېيتىپ:

— ئۇكا، سەن ئۇرۇمچىدە ئىشلەيسەن،
دەپ باقە، سىياسەتتە شەھەرنىلا ياساپ،
يېزىلارنى تاشلاپ قويۇش دېگەن گەپ

بارمۇ؟ كەلگىچە كۆرگەنسەن، يوللار
كاناڭلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تار،
نەچچە ئادەم تىقما-تىقماقتا ھارۋىسى بىلەن
قوشۇلۇپ ماشىنا، تراكتورنىڭ تەكتىدە
قالدى. ھازىرغىچە جىنچىراغدىن قۇتۇلالمى-
دۇق... خۇدالىق ئۈچۈنمۇ بۇ ساۋابلىق
ئىش ئەمەسمۇ؟ كەلگۈن كەلسىغۇ بىزگە
زادىلا ئاراملىق يوق. نەچچە ئون يىللاپ
ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئۆستۈرگەن بىئۆگەت-
قارىياغاچلارنى بىردەمدە كېسىپ، ياز
ئەپكەتكەن يەرنى ئېتىمىز دەپ ئاپپاقلا
قىلىپ قويىمىز ...

— قاينىما ئاكا، مەركەز، ئۆلكە يېزا
قۇرۇلۇشى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشىلاش
توغرىسىدا مۇھىم قارارلارنى چىقاردى...
ئالدى بىلەن يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش،
تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنى باي قىلىش
چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى... بۇ ھازىرقى
مۇھىم بىر سىياسەت. بەلكىم ناھىيە
ئەمدى تۇتۇش قىلار، بولمىسا سىلەردەك
پېشقەدەملەر يېزا باشلىقىغا مەسلىھەت
بەرسەڭلار بولىدۇغۇ؟!

— قىزىقكەنسەن ئۇكا، ئۇلارغىمۇ سەندەك-
لەر گەپ يېدۈرسە بولىدۇ. بىزدەك قارا
تۇركىنىڭ گېپىنى ئالامتىمۇ؟ بىزنىڭ يېزا
باشلىقى بۇرۇن دەڭگۈر بىرنېمە ئىدى...
سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتتۈردى. تۈزۈك
ئىش قىلار دەپ سايلىغانىدۇق. ئاز كۈن
ئۆتمەي ئۇمۇ تاغاردەك تىقىلىپ جان كىردى.
ھە دېسىلا باج-سېلىق، جەرىمانە دەپ
يۈرىدىغان، سالام-سەھەت دېگەننى
بىلمەيدىغان بىر مەخلۇققا ئايلاندى، ئۇن
چامدام يىراقتىن كۆرسەملا سەپرايىم
ئۆرلەيدۇ...

— بىر دېمەيسەن، — دەپ گەپ
باشلىدى ھاپىز سەتە، — يازدا ھويلىدا

باغلىق ئىتىپ ئولتۇرسام بۇ كىسپۇرۇچ لاتا پىكاپنى ئەۋەتىپ مېنى يېزىغا ئېپكەلدى. نېمە ئىشكەن دېسەم، ناھىيىدىن چوڭلار چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ ساتارىمنى ئاڭلىغۇسى كەپتۇمش، مەنمۇ كۆڭۈلچەك ئادەم، بوپتۇ، شۇنچە يىراقتىن مېنىڭ سازىمنى ئاڭلاشقا كەلگەن بولسا چېلىپ بېرەي دەپ ئۇ باشلىغان سورۇنغا كىردىم... بىرنەچچەسى پۈتلىرىنىمۇ يىغماي، تەخەيدەك يېتىپتۇ، ئولتۇرىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ كۆڭلۈم ئېلىشىپلا كەتتى. توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە بار، يەيدىغانغا ئېغىز يوق. بۇ سورۇننىڭ ھەشەمەتلىكىگە ئەقلىڭىز يەتمەيدۇ، پەممىچە، شۇ كۈنى نەچچە مىڭ كويلاپ پۇل خەجلەندى. بۇ ئاز پۇلمۇ؟ بىزدەك دېھقانلار قىشمۇ-ياز ئېتىزلىقتىن كىرمەي ئىشلىسەكمۇ، بىر يىلدا ئۇنچىلىك پۇلغا ئېرىشەلمىكىمىز تەس. ئۇلار ئاشۇ بۇزۇپ-چاچقان پۇللارنى لازىملىق يەرگە ئىشلەتسە نېمە بولىدۇ؟ ئويلىسا ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ.

— بولدى ئاكىلار، مەن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مەھەللىنى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە قويماي ئارىلاپ چىقىمەن. كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمنى ناھىيىدىكى رەھبەرلەرگە يەتكۈزىمەن. ئۇلار چوقۇم سىلەرگە يار-يۆلەك بولىدۇ تىلەكلىرىنى يەردە قويمايدۇ.

بوۋاي مېنى چوقۇم شۇنداق قىلالايدۇ دەپ چوڭقۇر ئىشەنگەن بولسا كېرەك، كۆز يېشى قىلغىنىچە قوللىرىمنى سۆيۈپ كەتتى. مەن ئاشۇ ئوتلۇق ئارزۇلارنى باۋۇدۇنغا يەتكۈزمەكچى، يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەكچى ئىدىم... بىراق ئۇ گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئويلىغانسېرى نېرۋام جىددىيلىشىپ، ئۆزۈمنى گويا قوقاستا پۇچۇلىنىۋاتقاندەك ئازابلانماقتىمەن... ماشىنا بىر خىل رېتىمدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. قەلبىمدە بىر پارچە ئوت يالقۇنجاپ كۆيمەكتە...

* *

ماشىنا چوڭ يولدىن قايرىلىپ، نەقىش ئويۇلۇپ چىلان رەڭگىدە سىرلانغان چوڭ گۈللۈك دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۆي ئىگىسى ۋە بىرنەچچە ئەر-ئاياللار دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، قول قوشتۇرۇپ بىزدىن ھاردۇق سوراشتى... باۋۇدۇن تۇنجى قەدەمدىلا مېنى مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى...

— مەن دېگەن ئالىم ئاغىنەم مۇشۇ كىشى بولىدۇ. مېنىڭ ساۋاقدىشىم، بىزنىڭ پەخرىمىز...

شۇ ھامان تومۇرلىرىمدىكى ئىسسىق قان مېڭەمگە چىقتى:

— بولدى ئاغىنە، مېنى تولا ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتمە، بىزنىڭ پەخرلىنىشكە تېگىشلىك ئادەملىرىمىز مۇشۇ جاپاكەش دېھقانلار — خەلق.

— بولدى، بولدى، ئالىم دوستۇم، تولا كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە، مەن دېمىسەممۇ سېنى جېمى يۇرت ئەھلى تونۇپ كەتتى. مەن سېنىڭدەك بىر دوستۇم بولغىنىغا ئەلۋەتتە پەخرلىنىمەن... قېنى ئىچىگە، شەرىپىڭ ئۈچۈن!

ئارقا-ئارقىدىن قويۇلۇۋاتقان شارابلار، ئۆزۈلدۈرمەي يەڭگۈشلىنىپ تۇرغان داستىخانلار... تەكەللۇپ، خۇشامەتلەر... بۇ سورۇندا ئۆزۈمنى تولىمۇ ئارتۇقچە، مۇناسىۋەتسىز بىر ئادەمدەك، گويا قان-يىرىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان قۇرتتەك بىچارە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش-

ىقان مەھەللىدىكى قانچىلىغان دېھقانلار
كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئاچچىق ئەلەمدىن
تولغىنىپ ئورنۇمدا ئولتۇرالماي قالدىم.
باۋۇدۇن شۇ تاپتا ئارقىغا ئىككى ياستۇقنى
يۆلەپ، بەھۇزۇر ئىچىپ ئولتۇرىدۇ، كاتىپ
بولسا شالاپشىتىپ بىرنەرسىلەرنى يېمەكتە.
ئۇ بۈگۈنكى كۈنلەردە تويىدىغانىدەك
ئەمەس... ئادەمنى بۇرۇقتۇم قىلىدىغان
مەنىسىز بۇ زىياپەتتە داۋاملىق ئولتۇرۇۋېرىش-
كە رايىم بارمىدى. مەن ئورنۇمدىن دەس
تۇرۇپ سىرتقا ماڭدىم.

— ۋوي ئالىم، ئۆزلىرىنى مەن باشلاپ
چىقاي، — كاتىپ ئىككى پۈكلىنىپ ئالدىمغا
كەلدى.

— بولدى، ئۆيىنى تېپىپ كىرەلەيمەن،
ئۆزۈم يالغۇز چىقىپ كىرەي.

ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلى قىزىپ
كەتكەن قانلىرىمنى سوۋۇتۇپ كۆڭلۈمگە
بىر ئاز ئاراملىق بەرگەندەك بولدى.
ئادەمنىڭ مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىدىغان
يېرى تەپەككۇر، قابىلىيەت، ئەقىل-ئىدراك،
ئاگاھلىق... بىز زوقلىنىشنى، نەپرەتلىنىشنى
بىلىمىز. شۇڭا ئۆزىمىزدىن نەچچە ھەسسە
زور نەرسىلەرگە جەڭ ئېلان قىلالايمىز،
ئۇنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرالايمىز. شۇڭا ئۆزىمىزنى ئادەم
ھېسابلايمىز، باشقا مەخلۇقلارچۇ؟ كۈچلۈكلىرى
ئاجىزلىرىنى، ياۋۇزلىرى ياۋاشلىرىنى بوزەك
ئېتىدۇ، پەيتىنى تاپسا يەۋېتىشتىنمۇ يانماي
دۇ. بىز ھازىر نېمە قىلىۋاتىمىز؟ بىزنىڭ
ئاشۇ تىلسىز ھايۋانلاردىن نېمە پەرقىمىز
قالدى؟ بىزدىكى ئىنسانىي پەزىلەت،
دىيانەت، ئەقىل-پاراسەت نەگە كەتتى؟
شۇنداق، بەزىدە ئادەم ئاشۇ ئاددىيغىنە
پەرقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئۆزلىرىنى ئاشۇ
ياۋايىلار توپىغا قوشۇۋېتىدۇ... ياق، بۇ
مۇمكىن ئەمەس! بۇ ئايرىم ئەھۋال —
ئىنسانىي غۇرۇرىنى يوقاتقان قىسمەن
كىشىلەرنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى... مەن
كۆرگەن سۆگەتلىك يېزىسى، مەن بارغان
باشقا ناھىيىلەر ئۇنداق ئەمەسكەنغۇ؟!
ئۇلار مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە غايەت
زور ئۆزگىرىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ.
ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى يېزىلارنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشنىڭ نەچچە يىللىق، نەچچە ئون
يىللىق ستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنى تۈزۈشۈپ
چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىۋېتىپتۇ.
سىياسەت، قارارلار ياخشى بولغان بىلەن،
گەپ ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلاردا. راست،
مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى خەلققە باش بولغۇ-
چىلاردا. خەلق ئۇلارنى ئۇلۇغ ئارمانلار
بىلەن سايلاشتى، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى
زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا
تاپشۇردى. شۇنداق ئىكەن، ھوقۇقنى ئۆز
جايىدا ئىشلىتىشى كېرەك-تە! بۇ ناھىيىنىڭ
ئاچقۇچى باۋۇدۇندا، ئۇنىڭغا نەسىھەت
قىلىش، سەممىي تەكلىپلەرنى بېرىش
پەقەت مېنىڭلا قولۇمدىن كېلىدۇ. ئۇ مېنىڭ
باش تارتىپ بولمايدىغان ئىنسانىي بۇر-
چۇم...

مەن كۆك ئاسمانغا قارىدىم. بايامقى
قاپقارا بۇلۇتلاردىن ئەسەرمۇ يوق. كەچكى
شەپەق زېمىننى قىزىللىققا پۈركىگەن.
بۈك-باراقسان دەرەخلىك ئارىسىدىن تۆكۈ-
لۈۋاتقان نۇرلار ھويلىغا ئۆتكۈر خەنجەردەك
قادالماقتا، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ سورۇن ئەھلىنىڭمۇ كۆزىنى چاقماق-
تا...

مەن باۋۇدۇننى ئېلىپ دەرھال قايتىش
قارارىغا كەلدىم.

* *

شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتىن كېيىن بىر،

ھەپتىگىچە ۋېلسىپىت بىلەن مەھەللىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى، ئېتىز-ئېرىقلارنى تەپسىلىي ئايلىنىپ چىقتىم ھەمدە باۋۇدۇننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەلىي پىلان-لايىھەلىرىنى پۇختا تەقلىدىم. ئەتىگەن-دە ناشتا قىلىپ بولۇپلا كىرا ئاپتوبۇسى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراپ يولغا چىقتىم.

مەن تۆمۈر رىشاتكىلىق دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ئايۋان ئالدىغا كەلگىنىمدە يەنە ھېلىقى كۈنى مەندە بىر خىل تونۇشلۇق تۇيغۇسى قالدۇرغان مېڭىگى بار ئايالنى ئۇچراتتىم. ئۇ ئايالغا ھېچبولمىغاندا كۆلۈمسى-رەش ئارقىلىق بولسىمۇ ھېسداشلىق قىلى-ۋاتقىنىمنى ئىپادىلىمەكچى بولدۇم.

— ياخشىمۇ سىلى، يەنە كېلىپ قاپلى-غۇ؟

— ھە، كاتىپ ھاكىمنى يىغىندا دەيدۇ. شۇڭا ساقلاپ تۇرىمەن، سىلى ھاكىمنىڭ قېشىغا ماڭلىمۇ؟

— ھەئە، گەپ-سۆزلىرى بولسا ماڭا دېسىلە، مەن يەتكۈزۈپ قوياي.

— گەپنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كونۋېرتتا، ھاكىمنىڭ ئۆز قولىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىلا تولىمۇ رازى بولاتتىم.

ئۇ قېلىن كونۋېرتنى ماڭا ئۇزاتتى.

— تازا جىق يېزىپلىمۇ-نېمە؟

— ھەئە. دەيدىغان گەپ جىق بولغان-دىكىن، خەتمۇ ئۇزۇن يېزىلىپ كەتتى.

مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدىم. ئۇ مېنىڭ بىلەن رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا سوغ كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ھە، مېنى سېغىنىپ قاپسەنغۇ؟ — ئۇ ماڭا شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىمۇ كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق ئاغىنە، ۋاقتىم توشۇپ قالدى. قايتمىسام بولمايدۇ. بەزى گەپلىرىم بار ئىدى. شۇڭا سەن بىلەن ئارامخۇدا مۇڭدىشىپ كېتەي دەپ كېلىشىم.

— ياخشى، ياخشى. بىرەر ھاجىتىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ قېنى ئېيتىۋەر، ساۋاقداشلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىمەن.

— ياخشى گەپ بولدى، — دېدىم مەن سالماقلىق بىلەن، — ئالدى بىلەن بۇ خەتنى مەن ساڭا تاپشۇراي، ئىشىك ئالدىدا بىر ئايال ماڭا ھاۋالە قىلىۋىدى.

ئۇ كونۋېرتنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئالدىغا تاشلىدى.

— ھورۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك تازا ئۇزۇن يېزىپتۇ-دە بۇ خەتنى. مەن بۇنداق خەتلەرنى تولا ئوقۇپ كۆزلىرىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى، قېنى، ئۆزۈڭ بىر ئوقۇپ بەرگىنە، مەن ئاڭلاي...

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرماي كونۋېرت-نى قولۇمغا ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتىم-يۇ، داڭ قېتىپلا قالدىم. كونۋېرت ئىچىدە قەغەزگە ئوراقلىق بىر كاللەك پۇل تۇراتتى.

— نېمە ئىش بۇ؟

باۋۇدۇننىڭ ئۇيقۇسىراپ يۇمۇلغان كۆزلىرى پۇلنى كۆرۈپ جامدەك ئېچىلدى.

— ئامەت ئىكەن ئاغىنە، ئامەت، — مەن مەسخىرە بىلەن بۇ بىر كاللەك پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا پوككىدە تاشلىدىم.

— كىمكەن ئۇ، مېنى پۇل بىلەن ئۆزگە باغلىماقچى بولغان؟ خەتنى ئوقۇغىنە، — ئۇ، بۇ خەتكە راستتىنلا قىزىقىۋاتاتتى.

مەن بۇ ئاددىي قەغەزگە ئېجىرىملىق يېزىلغان ئىلتىماسنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«... مەن ئۇششاقتال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پاشا نۇر بولىمەن ...»

ــ پاشانۇر؟ ــ مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.

ــ ساڭا نېمە بولدى، جىن چاپلاشتىمۇ؟ ئوقۇ... ئوقۇ. نېمە دېمەكچىكەن ئۇ خانىم!

ــ ئالدىرىما، ھەممىنى ساڭا تەپسىلىي ئوقۇپ بېرىمەن.

«مەن بۇ يىل ئەللىك يەتتە ياشقا كىردىم. يولدىشىمنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى ماڭا تولىمۇ ئەلەم قىلدى... مانا ھازىر چاچلىرىم ئاقىرىپ، بەللىرىم مۈكچىيىپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم. مەن ئاتىسىز يېتىم قالغان قىزىم زۇلپىيەنى باغرىمغا تېڭىپ چوڭ قىلدىم. ئۇمۇ، دادىسى ۋە مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئەمما ئارىلىقىمىز يىراق. ئۇ مېنى ياشىنىپ قالغىنىم ئۈچۈن، يەنە كېلىپ زىيادە چارچىغىنىمدىن سوزۇلما خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن شۇنچە كۆتكۈسى، باققۇسى، ھەمراھ بولغۇسى بار. بىراق، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يېنىمدا تۇرالمىدى. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، مەن سىلەرنى ئوقۇتقاندا تازا نەۋقىران چاغلىرىم ئىدى. كېچە-كېچىلەپ تاپشۇرۇق كۆرۈپ، ئەتىسى كۈندىلىك دەرسلەرنى ئۆتۈپ، يەنە سىلەر بىلەن قوغلىشىپ «قارىغۇ چاشقان» ئوينىساممۇ، ئۆزۈمنى ھارغاندەك ھېس قىلمايتتىم. بىراق ئون يىللىق ئاشۇ ئىنقىلاب، مېنىڭ قايناپ تۇرغان ياشلىقىمنى ئېلىپ كەتتى... زاھىر مۇئەللىمگىلارمۇ چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر دېگەن قالپاق بىلەن تۈرمىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى... ئۇنىڭدىن ئاشۇ بىر بالا ماڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ قالدى. خىزمىتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، مېنىڭدە بۇرۇنقىدەك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان روھىي ئەسەرمۇ قالمىغان، تىرىك جەسەتكە ئايلىنىپ قالغانىدىم. شۇنداقتىمۇ ھەر تەرەپلىمە بېرىلگەن روھىي ئوزۇق، داۋالىنىشلار نەتىجىسىدە قايتا مۇنبەرگە چىقىپ ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ كەلدىم.

باۋۇدۇن ھاكىم، سىز بىلەن بىللە ئولتۇرىدىغان، دائىم بىللە ئوينايدىغان زاھىت دېگەن بىر ساۋاقدىشىڭىز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى يولدىشىم زاھىرنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسمداش بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم... ئارىدا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ مەنمۇ باشقا يېزىغا كېتىپ قالدىم. ئاڭلىسام ئۇ ھازىر تەتقىقاتچى ئىكەن. سىزمۇ ئوقۇپ يۇرۇپ ئاخىر بىر ناھىيىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭغا كۆڭلۈم تولىمۇ خۇش. بىز سىلەردەك ياراملىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرەلىگىنىمىزدىن چەكسىز سۆيۈنىمىز. تەقدىر شۇنداق بولىدىكەن، بىز چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشىدىكەنمىز، قانات-قۇيرۇق چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىدىكەنسىلەر. بولدى، بۇ گەپلەرنى دېمىسەممۇ بولاتتى، نۆۋەتتە كېلىپ قالدى. قىزىم زۇلپىيەنى يۆتكەش ئىشى توغرۇلۇق مېڭىۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى. مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر ھاكىم قول قويسۇن دەيدۇ. ئىلتىماسنى كۆتۈرۈپ كەلسەم كاتىپىڭىز، كېپىڭىز بولسا يولى بىلەن دېمەمسىز، دەيدۇ. ئاڭلىسام قول قويۇشنىڭمۇ يولى بولارمىش. مەن ئەمدىلا ئەقلىمنى تاپقاندەك قىلىمەن. ئايلىق پېنسىيە پۇلۇمدىن يېمەي-ئىچمەي يىغىپ يۈرۈپ سىزگىمۇ نېسىۋە ئاجراتتىم. ئاز ئىكەن دېمەڭ، قولۇمغا پۇل كىرگەندە كېمىنى يەنە تولۇقلاپ ئەۋەتىمەن. ھار ئالماڭ، سىزنىڭمۇ ئوششاق باللىرىڭىز بار ئىكەن. باردى-كەلدىڭىز كۆپ، ئىشلىتەرسىز. مۇمكىن بولسا ئىلتىماسىم-

ىغا قول قويۇپ بېرەرسىز. سىزدىن بىر ئۆمۈر خۇش بولسام، شۇ يالغۇز قىزىم مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك بويۇن قىسىپ قالمىسا...»

شۇ تاپتا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىمدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئىسسىق ياش تۆكۈلمەكتە... باۋۇدۇن بولسا «چېكە تكە» كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە، مېنىڭ بىرنېمە دېيىشىمنى كۈتۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرماقتا. مەن بوغۇزۇمغا كېلىپ قالغان گەپلىرىمنى يۇتۇۋېتىپ، مەسىنىرە بىلەن ئۇنىڭغا كۆز تىكتىم:

— قانداق قىلىسەن ھاكىم، قول قوياسەن؟ ئاقچىمۇ كەپتۇ.

— زاھىت نېمە دەيدىغانسەن؟ بۇ ئىشتىن مېنىڭ قىلچىمۇ خەۋىرىم يوق ئىكەن.

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، خاپا بولساڭمۇ ئەمدى دېمىسەم بولمايدۇ، «دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئېيتار، دوست يىغلىتىپ». شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. سەنمۇ باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشكەن. ئەتراپىڭدا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ يۈرگەن ئاشۇ ئادەملىرىڭ ساڭا ئاللىقاچان چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ بولغان. ئۇلارنىڭ خىزمەتتە كاللىسى ئىشلىمىگەن بىلەن، قاقتى-سوقتى قىلىشقا كاللىسى ئىشلەيدىكەن، نەپسىمۇ خېلى چوڭ. ئەمما سەن بۇ ئادەملەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتىڭ. يېقىنلىرىڭنى ئىشقا قويدۇڭ، تەرەپ-تەرەپكە يىلتىز تارتىپ شاخلاپ كېتىپسەن، ساڭا تازا ئۆتكۈر پالتا لازىم بولۇۋېتىپتۇ. باۋۇدۇن ئوبدان ئويلاپ باق. سېنى قان-تەرى بىلەن بېقىۋاتقان خەلقىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەلىدىڭ؟ ئۇلار ساڭا قان، سۈت بەردى. سەنچۇ؟ ئۇلارغا نېمە بەردىڭ؟ قارا، بىر ئۆمۈر دوسكا ئالدىدا ئۆتكەن ئۇستازلىرىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ؟ تايىنلىق، ئاشۇ ھەيۋەتلىك يىغىلىش، مۇراسىملاردا تەكرارلىنىپ كەلگەن «باغۋەنلەر ئۇلۇغ» دېگەن ئىبارىلەرنى تالاي قېتىملاپ ئېيتقانسەن. ئەمما سەن ئۇلار ئۈچۈن زادى قانچىلىق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلىدىڭ؟ بىلمەن، سېنىڭمۇ جاپالىرىڭ ئاز ئەمەس. سەنمۇ ئويلايسەن، بىراق كۆز ئالدىڭنى بىر قەۋەت مەرتىۋە پەردىسى توسىۋالغان. ئەقلىڭنى خۇشامەت، تەخسىكەشلىك، رەزىللىك بۇلغىۋەتكەن. سەن ئۆتكەن كۈنى مېنى ئاپارغان سورۇنغا قاراپ باق! بىزنىڭ ئادەملىرىمىز شۇنچىلىك بايۋەتچە بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئاشۇ يەشىك-يەشىك ھاراقلار، لېگەن-لېگەنلەپ پىشۇرۇلغان گۆشلەر بىكارغا كېلەمدۇ؟ سەن بۇنى ئوبدان بىلىسەن. بۇلار ئاشۇ ياۋاش، جاپاكەش دېھقانىڭ قېنىغۇ؟ سەن يۇرت ئاتىسى بولغان ئادەم بۇلارنى ئويلاپ يەتتىڭمۇ؟ سەن قايناپ تۇرغان بازارلارنى، ئاشپۇزۇللارنى، ماگىزىنلارنىلا كۆرۈپ قالماي، تېخىچە چىراغ يېغى ئېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان نامرات ئادەملەرنى، بور توزانلىرىغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى، سۇ تالىشىپ بىر-بىرىنى چېپىشىۋاتقان دېھقانلارنى كۆرۈپ قوي ... بولدى بەس، مەن گېپىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، كۆڭلۈڭنى غەش قىلىپ قويدۇم، كۆتكەن يېرىڭدىن چىقالمىدىم. سەن ئەمدى ئويغانغىن، كاللاڭنى سىلكىۋەت! قوشناڭغا بېقىپ ئىش قىلىشنى ئۆگەن. بۇ مېنىڭ ساڭا بولغان سەممىي ئىلتىجايىم، خەلقىڭ ئىلتىجاسى!

# دۇدۇقلاش

(ھېكايە)

قۇربان توختى

مەخمۇت بۇ شەھەرگە خېلى يىراق بىر ناھىيەدىن بولۇپ، ئاتا-ئانىسى دېھقان ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا تونۇشۇپ قالغان پىرىكازچىك قىز — شەرىپەنىڭ تەلىپى بويىچە بىرمۇنچە يول مېڭىپ يۈرۈپ بۇ شەھەردە قالغان. شەھەردە قېلىپمۇ زىيان تارتمىدى. ئەمما، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىپ قويدى. مەخمۇتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلمىغانلىقى ھەم ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدىن ئۆيلەپ قويۇش تەلىپىگە قوشۇلمىغانلىقىدىن رەنجىپ يۈرەتتى. يەنە كېلىپ شەرىپەنىڭ ئاتا-ئانىسى تويلۇقنى ئېغىر سېلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قاتمۇ-قات قەرزگە بوغۇلۇپ يۈرۈپ بولسىمۇ تويىنى كۆڭۈلدىكىدەك داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ مۇرادىغا يېتىشىپتۇ يەتتى، بىراق، ئۇلار ھەر قېتىم قايسىبىر خىزمەتدىشى ياكى ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىلغاندا، شەرىپە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە نېمىلەرنىڭ كەملىكىنى، بولۇپمۇ ئالىقانداق كىيىملەرنىڭ مودا بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ ئايدا ئۆزىگە يەنە نېمىلەرنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مەيۈسلۈك بىلەن سۆزلەيتتى.

— نېمىلا بولمىسۇن يەنە ئاز-تولا قەرز ئالماي بولمىدى، — دېدى شەرىپە خۇرسىنىپ، — مېھمان دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىسى دۇرۇس نىيەت بىلەن بىزنى كۆرگىلى، يوقلىغىلى كەلسە، يەنە بەزىسى ئۆيىمىزنى، بىزنىڭ تويدىن كېيىنكى يۈرۈش-تۇرۇشىمىزنى، كىيىنىشىمىزنى باھالىغىلى كېلىدۇ...

شەرىپەنىڭ گېپى راست ئىدى. لېكىن شەرىپەنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەخمۇت خورلۇق ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ يارىماس ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىندى. مائاشتىن باشقا ھېچقانداق تاپاۋىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆكۈندى. شۇڭىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە خۇددى گۇناھلىق بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك شەرىپەگە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلار ئاخىر قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. قەرز مۇددىتىنىڭ قىستاپ كېلىشى، جەمئىيەتتىكى ئابروي، مودا قوغلىشىش كېسىلى تۈپەيلى، كونا قەرزلەرنى يېڭى قەرز بىلەن قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى-دە، ئۇلارنىڭ قەرزى قار پومزىكىدەك دومىلىغانچە يوغىناپ باراتتى. بۇ ھال ئۇلارنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەخمۇتنىڭ ئۆز ئۆيىگە كەلگىسى كەلمەيدىغان، كەلگەندىمۇ شەرىپەگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەدېسە سىرتقا چىقىپ كېتەتتى ۋە تولا ھاللاردا مەست قايتىپ كېلەتتى. بۇنىڭغا شەرىپە چىدىمىدى. مەخمۇتنىڭ ئەر كىشى تۇرۇپ ئۇنىڭ

ئاچكىم بىر قىيىنچىلىق ئالدىدا بېلىنى
قويۇۋەتكەنلىكىدىن رەنجىدى.

— يەنە نەگە؟ — دېدى بىر كۈنى
شەرىپە سىرتقا ماڭغان مەخمۇتقا.

— سىرتقا، — دېدى مەخمۇت سوغۇققىلا.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، تاماق قىلىۋاتىمەن،
سىز چىقىپ كەتسىڭىز يالغۇز جېنىمغا تاماق
قىلىپ ئولتۇرامدىم؟

— ئېلىپ قويساڭ بولىدۇغۇ؟

— نەچچە كۈندىن بېرى ئېلىپ قويۇ-
ۋاتىمەن، قايسىبىرىنى يېدىڭىز؟ سىزنى
دەپلا تاماق قىلغىنىم نەدە قالىدى!

— ئەجەب تولا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ
ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ! — دېدى
مەخمۇت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ شەرىپەگە
غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، — ئايال كىشى
دېگەن ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقى
كېرەك!

— نېمىشقا ئارىلاشمىغۇدەكمەن؟ ئارىلىشى-
مەن، ئارىلاشسام يات بىر ئەر كىشىنىڭ
ئىشىغا ئارىلاشمىدىم، ئۆز يولدىشىمنىڭ
ئىشىغا ئارىلىشىۋاتىمەن. ئەلۋەتتە ھەققىم
بار-دە، مېنىڭ.

— شۇنداقمۇ؟ سەن مېنى مۇشۇ ھەممە
نېمىسى «پۇل، پۇل، پۇل!...» دەپ
چۇقان سېلىپ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ھەرىدەك
چاقىدىغان ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ ساراڭ
بولسۇن دېمەكچىمۇ؟

— خۇددى نامرات بولۇپ قالغانلىقىمىزغا
مەن سەۋەبچى بولۇپ قالغاندەكلا سۆزلەپ
كەتتىڭىزغۇ؟

مەخمۇت ئۆيگە قايتىپ كىردى. لېكىن
خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىز ئاچماي خىيال سۈرۈپ
ئولتۇردى.

شۇ كېچىسى شەرىپەنىڭ پەقەتلا
ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ پۇلنى
زادى قانداق خەجلەۋاتقانلىقى ئۈستىدە
ئۇزۇندىن ئۇزۇن باش قاتۇردى. «ئاشۇ
دېلشات دېگەنمۇ مەخمۇت بىلەن تەڭ ئىش
ھەققى ئالىدۇ، ئايالى بۇئايشەم بولسا مەن
بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ، مائاشىمۇ مېنىڭكىدىن
يۇقىرى ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ كىيگەنلىرىگە
قاراپ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، مەن
نېمىدەپ بۇئايشەمدەك مودا كىيىنىپ يۈرەل-
مەيمەن؟ ھە راست، ئۇ دېگەن ئېرىدىن
پۇل يوشۇرىدۇ ... مەنمۇ... ياق، مەن
ئۇنداق قىلالمايمەن...» شەرىپە تۈن
بويى دېگۈدەك مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە
باش قاتۇرۇپ چىقتى-دە، ئەتىگىنى روھى
چۈشكەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا
كەتتى.

بۈگۈن شەرىپە مالىيە بۆلۈمىدىن
تولىمۇ غەمكىن ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ،
بۇ ئايلىق مائاشى ئۈستىدە خېلى كۆپ
شېرىن خىياللارنى قىلغانىدى. ئەمما ئىش
ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. ئۇ تۈنجى قېتىم
ئېرىگە مەسلىھەت سالمايلا بىر قۇر كىيىم
سېتىۋالدى. شۇڭىنىسى، ئۇنىڭ پىلانى
بۇزۇلدى، ئۇ مائاشىنىڭ يېرىمىغا كىيىم
ئالسام قالغىنىنى ئۆيگە ئاپىرىمەن، بەلكىم
ئېرىمۇ ئانچە چېچىلىپ كەتمەيدۇ، دەپ
ئويلىغانىدى. ئەمما قولىدىكى مائاشى
كىيىمگە ئارانلا چىقىشقانىدى. بەلكىم ئېرى
خاپا بولماس. دېمىسىمۇ، ئۇ تېخى ياش،
ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن توي قىلىپ-راۋۇرۇس
كىيەلمىسە قانداق بولغىنى؟... بىراق،
ئەمدى مەخمۇتقا نېمە دەيدۇ؟ ئەھۋالنىڭغۇ
چۈشەندۈرەر، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق
ياسايدۇ؟ دېمەك، قەرزلەرنى ئۈزۈۋېتىش
پىلانى يەنە بىر ئاي كەينىگە سۈرۈلدى
دېگەن گەپ. كېلەركى ئايدا مائاشنى
تولۇق ئاپىرالىسىغۇ بولغىنى، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ

كۆپ ئۇمىد يوق! يېڭى-يېڭى مودىلار ھەر ئايدا چىقىپ تۇتۇۋاتامدۇ؟

— شەرىپە، ئۆيگە ماڭدىڭىزمۇ؟ كېلىڭ، بىر ئاز ئۇسسۇلۇق ئىچىۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى، — شەرىپە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، ئۆزىنى خىزمەتدىشى بۇئايشەمنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ ماڭماقچى بولدى. ئەمما بۇئايشەم ئۇنى پەقەتلا قويۇپ بەرمىدى.

— يۈرۈڭ دەيمەن، يات ئادەم يوق، ئىككى ساۋاقدىشىم ئۇچراپ قالدى. بىللە قايتىمىز. بۈگۈن ھەر ئىككىمىز قولىمىزغا تەگكەن مائاشنى كىيىم ئېلىپ تۈگەتتۇق. بىز بۇزۇپ-چېچىپ باشقا ئىشقا خەجلىۋەتمەك ئىددە-كىن، ئارتۇقچە غەم قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق، يۈرۈڭە!

بۇئايشەم شەرىپەنىڭ قولىدىن ۋېلىسىپىت-نى ئېلىپ ئۇنى سۆرىگەندەك كۆپ زورلاشلار ئارقىسىدا يېقىنلا جايدىكى سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنىغا باشلاپ كىردى-دە، ئالدىدىكى شىرەگە ھورى چىقىپ تۇرغان بىر لېگەن كاۋاپنى تىزىپ قويۇپ پىۋا ئىچكەچ پاراڭلى-شىپ ئولتۇرغان ئىككى يىگىتنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ يات كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. لېكىن بۇئايشەمنىڭ قويۇپ بەرمەسلىكى، يىگىتلەر-نىڭ سىپايىلىق بىلەن قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىشلىرى ئۇنى «بوپتىلا، سەل كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالار، بىردەم ئولتۇرمايمەنمۇ» دېگەن نىيەتكە كەلتۈردى.

بۇئايشەم ساۋاقدىشىم دەپ تونۇشتۇرغان بۇ ئىككى سودىگەر خېلى خۇشچاقچاق، گەپدان يىگىتلەردىن ئىدى. بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن شەرىپە ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. سېمىز دۇكاندار ئايالمۇ پات-پات شەرىپەنىڭ گۈزەل ۋە ئوماقلىقىنى ماختاپ قوشۇمچە سۆز قىستۇرۇپ تۇردى. ئۇلار قاچانغىچە ئولتۇردى، بۇنى شەرىپە بىلەلمىدى. ئۇ دۇكاندارنىڭ ئىچكىرى قازنىقىدىكى كارىۋاتتا ئويقۇدىن ئويغانغاندا، بۇئايشەمنىڭ زورلىشى بىلەن ئاۋۋال ھاراقنىڭ قىزىلىنى، كېيىن ئېقىنى ئازراق ئىچكەنلىكىنى، ئاندىن ھېلىقى يىگىتلەردىن بىرى ئۇنى قولتۇقلاپ بۇ ئۆيگە ئەكىرگەنلىكى چۈشىدىكىدەك غۇۋا ئېسىدە قالغانىدى. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ياستۇق بېشىغا قويۇلغان بىر ئوراق پۇلنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئېمىشقىدۇر ئۇ پۇلنى ئالدى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ساناپ چىقتى. پۇل توپتوغرا ئۈچ يۈز يۈەن ئىدى. ئۇ خورلۇق ۋە پۇشايمان ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى-دە، پۇلنى يانچۇقىغا سالدى. ئالمىسىمۇ بەرىبىر بولغۇلۇق بولۇپ بولغانىدى.

ئۇ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئارقا ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا دۇكاندار ئايال ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى ۋە خىرقىراق ئاۋازى بىلەن:

— گۈزەل قىز، بۈگۈن قورۇقلا قايتىڭىز، رەنجىمەي يەنە كېلىپ تۇرارسىز، — دېگەننى قوشۇپ قويدى. لېكىن بۇ سۆزلەر شەرىپەنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلۇپ دىمىقىنى قېقىپ قويدى. ئۇ گۇگۇم قوينىدا بارا-بار كىچىكلەپ كېتىۋاتقان شەرىپەنىڭ جىسمىغا قاراپ سوغ كۈلۈپ:

— ھىم، يەنە كەلمىگىنىڭنى كۆرەي قېنى، — دېدى دىمىقىنى قېقىپ.

شەرىپە قورقۇمسىراش ئىلكىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئەتراپنى تولۇق قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن-لىكىنى كۆرگەن مەخمۇت ئەتىدىن بېرىقى تىنت-تىنتلىق، بىئارامىلىق ئازابىدىن بىراقلا

قۇتۇلۇپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدى ھەم ئالدىراپ شەرىپەنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— بۈگۈن ئەجەب كەچ قالدىڭىزغۇ؟

— مائاش تارقىتىمىز دەپ شۇڭا... — دېدى ئۇ مەخمۇتنىڭ بىرەر ئىشنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىختىيارسىز يەرگە قاراپ.

— مائاش تارقاتسىمۇ كەچ قايتمايتتىڭىزغۇ؟

شەرىپە ئاخىر يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— زايوم، ئىئانە... دەپ بىرمۇنچە پۇلنى تۇتۇپ قالغاچقا، قولۇمغا ھېچقانچە بىر نەرسە تەگمىگەنىكەن. شۇڭا دىرېكتورغا، ئازراق خەجلەيدىغان يېرىمىز بار ئىدى دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە... — ئۇ، بۇ ئەقىلنىڭ ئۆزىگە قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇقماي قالدى.

— ماقۇل بولدىمۇ؟ — دېدى مەخمۇت ئېمىشقىدۇر تاقەتسىزلىنىپ.

— ماقۇل بولدى. مانا، پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدىم.

— ئوھوي، ئېمانچە كۆپ پۇل بۇ؟ سىز ھېچقاچان مۇنچە كۆپ ئىش ھەققى ئېلىپ باقمىغان، بۇ قېتىم... ئېمىدېگەن ئوبدان دىرېكتور ئۇ؟ — مەخمۇت شۇنداق دېگىنىچە خۇشاللىقتىن شەرىپەنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىدە بىرقانچىنى چۆرگىلەتتى. ئۇ ھېچقاچان قىن-قىنىغا پاتماي بۇنداق شوخلۇق قىلىپ باقمىغانىدى. پەقەت بۈگۈنلا پۇل ئۇنىڭغا مۇشۇنچىلىك غەيرەت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلدى. شەرىپە ئۇنىڭ «بۇ پۇل سېنىڭ ئايلىق مائاشىڭدىنمۇ كۆپ تۇرىدۇغۇ؟» دەپ سورۇشتە قىلىشىدىن قورقۇپ، ئېمىشقا يولدا ئايلىق مائاشىمغا توغرىلاپ پۇل ئايرىپ قويمىغاندىمەن، دەپ پۇشايمان قىلدى، قورقتى، لېكىن مەخمۇت بۇ سوئالنىمۇ سوراپ يۈرمىدى. ئۇ كۈلەتتى، سۆزلەيتتى، شەرىپەنى ماختايتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم يوتقان-كۆرپىلەرنى سېلىشقا بولسىمۇ ياردەملىشىشكە باشلىدى. لېكىن ھەدېگەندە شەرىپەنىڭ پۇت-قولى كالامپايلىشىپ، بىرەر ئىشقا قولىشىپ بەرمەيتتى. شۇ كۈنى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، مەخمۇت قولىغا كىرگەن پۇلدىن، ئايالىنىڭ مۇشۇ ئايدىلا تولۇق تەككەن ئىش ھەققىدىن خۇشال. شەرىپە تۇرۇپ ئۆزى قەدىرلەپ سۆيگەن ئېرىنىڭ ئالدىدا يۈزسىزلىك قىلغانلىقىغا، پاك جىسمىنىڭ بۇلغانغانلىقىغا ئېچىنسا، تۇرۇپ سەممىي-ساداقەتتى ۋە پاك مۇھەببىتى بىلەن خۇشال قىلالمىغان، تەسىرلەندۈرەلمىگەن ئەرنى رەزىل قىلمىشى بىلەن خۇشال قىلغانلىقىغا مەسخىرىلىك كۈلىدۇ...

شۇندىن كېيىنكى بىرقانچە كۈن شەرىپە ئۇچۇن تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتتى. ئۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغان ئادەمدەك گاھ ئۆز-ئۆزىدىن يىرگىنىپ، سەسكىنىپ كېتەتتى، گاھ مەخمۇتنىڭ بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىشىدىن قورقاتتى، گاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىشىنى، بازغاندەك يوغان مۇشتۇمى بىلەن رەھىمسىزلەرچە ئايىماي ئۇرۇشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى. شۇندىلا ئۇ بىر ئاز يېنىكلەپ، ئىچى بوشاپ قالغان بولاتتى. كۈنلەر شۇ تەرىزدە بىئارام لىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. لېكىن مەخمۇتنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىچە، ئۇ شەرىپەنىڭ ئىش ھەققىگە ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى قوشۇپ قەرزنى تۆلىۋەتكەنلىكىدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىدى.

ئاشۇ ناپاك، ناشايان قىلمىشىنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر ھەپتە بولار-بولمايلا بۇ

ئىش يەنە تەكرارلاندى.

بۈگۈن دۇكانغا ئۇ ئۆتكەندە ئالغاندىكىدىن-مۇ ياخشىراق تىكىلگەن يېڭى پاسوندىكى شۇنداق چىرايلىق كىيىملەر كەلتۈرۈلدى. شەرىپەنىڭ بۇنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. بىراق پۇلنى ئويلىغىنىدا، لاسسىدە بوشاپ ئېغىر خورسىندى. چۈنكى ئېرىگە پۇل دېسىلا ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ چېچىلىندىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۈئايشەم، شەرىپەگە ئوخشاش قىلىپ كىيىم كىيەيلى، دېدى. شەرىپە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي خىجالەتچىلىك ئىلكىدە قالدى. نېملا دېگەنبىلەن دېلشاتلارنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ياخشى. بۈئايشەمنىڭ يېنىدا پۇل بولماي قالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەنكى ئىشتىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار. ھەرھالدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ تۇرغان، گېپىنى يەردە قويمىغان ياخشى. بولمىسا ھېلىقى ئىشنى شۇنداقلا ئېغىزدىن چىقىرىۋېتىدىغان بولسا...

بۈئايشەم شەرىپەنىڭ يېنىدا پۇلى يوقلۇقىنى سېزىپ، قانداقتۇر بىر ئىشتىن خورسەن بولغاندەك بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلدى.

— بۈئايشەم، - دېدى شەرىپە بىر خىل ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — يېنىڭىزدا ئاز-تولا پۇل بارمۇ؟

— نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ پۇل بولسۇن دەيسەن؟ بارى-يوقنى يىغىپ-تۆشەپ كەلسەم ئۆزۈمگىمۇ يەتمەيدىكەن، بىرەرسىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق دېگىنە، ئەمدى.

— كىمدىن قەرز ئالماقچى سەن؟ بىراقلا ئىككىمىزگە يەتكۈدەك ئالغان بولساڭ.

— كۆرگەنلا ئادەمدىن سوراش بىئەپ، سورىغان بىلەنمۇ ئاسان پۈتمەيدۇ. ھېلىقى دۇكاندار دوستۇمدىن سورىماي ئامال يوق.

— ھېلىقى سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنىدىكى سېمىز ئاياللىنىما؟ — شەرىپە بۇ دۇكاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىنىۋاتقاندا نېمە ئۈچۈندۇر بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ تىترەشكە باشلىدى.

— شۇنداق، سەنمۇ شۇنىڭدىن ئال، بىرگە بارايلى-ھە؟

— ياق، ياق! ... مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن، ئىككىنچىلەپ دەسسىمەيمەن!

— ئۇنچە دەپ كەتمە، بېرىپ قالارسەن نېمكىن، — دېدى بۈئايشەم بىر خىل سىرلىق تۇستە، — مۇنداق قىلايلى، مەن بىلەن بىرگە بار، لېكىن سەن پۇل سورىما، بۈگۈنكى ئېھتىياجغا يەتكۈدەك پۇلنى مەن جايلاپ بېرەي.

شەرىپە بۈئايشەمنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنىڭ كۆلەڭگىسىنى خىرە-شىرە كۆرگەندەك قىلدى.

شەرىپەنىڭ بۈئايشەم بىلەن بىرگە دۇكانغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دۇكاندار پوكەينىڭ ئىچىدىن سېمىز بەدىنىنى لىغىلداتقىنىچە چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ سەنمۇ كەپسەندە

شەرىپە، كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — ئۇ ھەم خۇشاللىق، ھەم مەغرۇرلۇق بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ بىخسىق پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى.

— باشقا ئىشقا كەلمىدىم، بۈگۈن بىرئاز پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ ...

— شۇنداق، لېكىن بۇندىن كېيىن پۇل لازىم بولمىسىمۇ كېلىسەن-دە، ئەمدى.

— بۇندىن كېيىن نېمە دەپ كەلگۈدەكمەن؟ — دېدى شەرىپە تەئەججۈپلىنىپ. بۇئايشەم بولسا خۇددى ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— بوپتۇ، بۇئايشەم ساڭا ئوچۇقنى ئېيتمىغان ئوخشايدۇ، مەن دەپ قوياي، ئۆتكەنكى ئىشتىن كېيىن ھېلىقى بىر ئاغلام پۇلنى ئالغانسەن؟ سېنى بۇ يەرگە ئاشۇ پۇل سۆرەپ كېلىدۇ.

— ياق، ئەمدى ھەرگىزمۇ كەلمەيمەن.

— كەلمەيمەن! — دېدى دۇكاندار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋە شەرىپەنى بىر قەدەم قىستاپ كەلدى، — سەن بىر قېتىملىق ئىش ئۈچۈن ئاشۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى يېنىمدا قويۇپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قاپسەن-دە! نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ بەش مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئۇنچىلىك كۆپ پۇل خەجلەيدىغان ئەخمەق ئەرلەرنى مەن تېخى كۆرۈپ باقمىدىم. سەن ئاشۇ پۇل ئۈچۈن تېخى بۇ يەرگە نەچچە-نەچچە قېتىم كېلىپ، ئاشۇ ئىچكىرىدىكى كونا جايدا يەنە شۇ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىڭ كېرەك! ...

— ياق، ياق، ھەرگىزمۇ كەلمەيمەن، ئەگەر پۇلنى قايتۇر دېسە ... ئەتىلا... ئەتىلا ئۇنى...

— سەن تېخى پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ قوتۇلماقچىمۇ؟ — دېدى دۇكاندار سىرلىق كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن پۇلنى قايتۇرغان بىلەن ماۋۇنى قانداق قىلىسەن؟ — ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە سۈرەتنى ئېلىپ شەرىپەگە كۆرسىتىپ، — ئەگەر يەنە كەلمەيمەن دەيدىكەنسەن، بۇنى ئېرىڭگە كۆرسىتىپلا قالماي، چوڭايتىپ دوقمۇشلارغا ئاپىرىپ چاپلاپ، بۇ شەھەردە سېنى تۇرغۇسىز ...

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسىلا، مەن سىلىدىن خۇش بولۇپ كېتەي ... مەن بۇندىن كېيىن سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بۇ يەرگە ... كېلەي.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، — دېدى دۇكاندار ئۆز غەلىبىسىنى كۈلكىسى بىلەن ئىپادىلەپ.

شەرىپە دۇكاندار ئايالنىڭ قولىدىكى ئۆزىنىڭ يالىڭاچ ھالدا غەيرىي بىر ئەر كىشىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ھالەتتىكى سۈرىتىنى كۆرۈپ ھەققەتەنمۇ شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەمدى شۇنداق قىلماقتىن باشقا يول يوقتەك قىلاتتى.

ئاشۇ كۈن، شەرىپەنىڭ ھاياتىدىكى

يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ دۇكاندار ئايال بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. لېكىن ئۇنىڭ قەدەملىرى تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ دۇكاندار ئايالدىن يەنە بىر باغلام پۇل ئېلىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ قايتىپ چىقتىلا ئەمەس، دۇكاندار بىلەن ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم كېلىپ، ئاشۇ كىچىك ئۆيدە بىر سائەتتىن ئەرلەرنى كۈتۈش، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئايدا ئۈچ يۈز يۈەندىن ھەق ئېلىش ھەققىدە كېلىشىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ ئەمدى ئاشۇنداق قىلىشقا، ئاشۇ تەلەپ-لەرگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ئۇ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇئايشەمنىڭ قىلتىقىغا قانداقچە دەسسەپ سالغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ ئاستى يوق بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنسە، تۇرۇپ ھېچقانچە ۋاقىت ۋە ئەمگەك سەرپ قىلماي ئاسانلا ئېرىشىدىغان بۇ پۇللارنىڭ كۆپلۈكى-گە خۇشال بولاتتى. بۇ پۇل، ئاشۇ ھەپتىسىگە ئىككى سائەتلا ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئالىدىغان بۇ پۇل كۈنىگە سەككىز سائەتتىن پۈكەي ئالدىدا توپتوغرا ئۇدا ئوتتۇز كۈن جاپالىق ئىشلەپ ئالىدىغان پۇلغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ ئىدى.

شەرىپە دەسلەپكى بىرقانچە قېتىمدا بۇ يېڭى «خىزمەت ئورنى»غا بۇئايشەم-نىڭ ھەمراھلىقىدا كەلدى. ئاشۇ پىنھان-دىكى كۈتۈش ئۆيىگە قويۇلغان ئىككى كارىۋاتقا بىردىن چىقىپ، بىرگە مېھمان قوبۇل قىلىشتى، بۇ ئىشتىن ئۇ دەسلەپ ئۇيالدى، يۈزىنى مەھكەم ئېتىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەممە قىلىقلىرى كۈچتۈڭگۈر مەستلەرنىڭ ۋەھشىي ۋە نومۇسسىزلارچە قوپال ھەرىكىتى تەرىپە-دىن رەت قىلىناتتى. بۇئايشەممۇ ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلماسلىق، كۈلۈپ تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋېلىش قائىدىلىرىنى زېرىكمەي ئۆگەتتى. ئۇ دەسلەپ ھەممە ئىشتا قىينالدى. ئىشتىن چۈشۈپ بىكار بولغاندىن كېيىن بۇ يېڭى «خىزمەت ئورنى»غا كىرىپ-چىقىشمۇ، مەستلەرنىڭ ئالدىدا يالغاندىن ھىجىيىش، نازلىنىش، يىغلاشمۇ، يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلىنىشمۇ، ھاراق پۇراپ تۇرغان لەۋلەرگە سۆيۈش-مۇ، كەچتە مەخمۇتقا كەچ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشمۇ قىيىن تۇيۇل-دى. لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ھەممىگە كۆنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېڭى ئورۇنغا بېرىشى، ئەتىگەندە ئىدارىسىگە بېرىپ، كەچتە قايتىپ كەلگەندەكلا نورمال بىر ئىش بولۇپ قالدى.

شەرىپە ئەمدى بۇ يېڭى «خىزمەت ئورنى»غا بۇئايشەمنىڭ ياردىمىسىزمۇ قورۇنماي، ئەركىن كىرىپ-چىقىۋېرىدىغان بولدى. ئۇ ھەر ئايدىكى مائاشىغا بىر بۆلەك پۇلنى قوشۇپ: «مانا بۇ، ياخشى ئىشلىگىنىم ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات، بەزى كۈنلىرى ھېسابات ئۆتكۈزىمەن دەپ كەچ قالسام توغرا چۈشىنەرسىز» دەپ مەخمۇتنىمۇ قايىل قىلدى، مەخمۇتمۇ ئەمدى شەرىپەنىڭ بەزىدە كەچ قالىدىغان ئىشلىرىنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدى.

شەرىپە ئايلىق مائاشىغا بىر قىسىم « موكاپات » نى قوشۇپ، ھەر ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەخمۇتقا ئۆيگە ئىشلىتىش ئۈچۈن تاپشۇراتتى. ھەپتە ئاخىرلىقىدا بولسا « دۆكىنىمىزدا گۆش تارقاتقانىدى » دەپ گۆشمۇ، سەي-كۆكتاتمۇ ئالغاچ كېلەتتى. ھەتتا بەزىدە ئاتا-ئانام بەرگەن پۇلغا ئالدىم دەپ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنىڭ غېمىدىن ئۆزى چىقىپ، ئۇنىڭ قولىنىمۇ ئاغرىتمايدىغان بولدى. مەخمۇت باش قېتىنچىلىقىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ كېتىپ، بۇ نەرسىلەرنى قايسى پۇلغا ئالغانلىقىنى ئۈنچىۋالا سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمەيدىغان بولدى. كۈنلەر ئەنە شۇ تەرىزدە بەكمۇ « كۆڭۈللۈك » ئۆتمەكتە ئىدى.

بۇ ئىشلارنىڭ باشلانغىنىغىمۇ بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھەممە نەرسە بار بولدى. بانكىدا قويۇلغان بىرقانچە مىڭ يۈەن پۇلى، دىلشاتلارنىڭكىگە ئوخشاش موتسىكلىتىمۇ تەل بولدى. شەرىپەمۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ نازۇك، ئەۋرىشىمدەك تۇسىنى يوقىتىپ خېلىلا ئۇستىخان سېلىپ قالدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكى يوقاپ كەتمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ تولۇپ مىق-مىقلىشىپ، ھەرقانداق ئەركەكنىڭ ھەۋىسىنى دەرھاللا قوزغىغىدەك بولۇپ قالدى. ئۇ، يېڭى مودا كىيىملەرنى خالىغانچە كىيەلەيدىغان ھالەتكە يەتتى. مەخمۇت « يول » مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئۆيگە يېقىنراق بىر دۆكانغا يۆتكەمەكچى بولغانىدى، لېكىن شەرىپە « كۆنۈپ قاپتىمەن، ئاشۇ ئىلگىرىكى دۆكاندا ئىشلەۋېرەي » دەپ ئۇنىمىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئومماقىنە بىر ئوغلىمۇ بولدى، ئائىلىسىگە يېڭى بىر خۇشاللىق قوشۇلدى. شەرىپە بىرقانچە قېتىم بۇ ئىشتىن قول ئۈزمەكچى، مەخمۇتقا بولغان سادىقلىقىنى يېڭىباشتىن باشلىماقچىمۇ بولدى. لېكىن يەنە بىر ئايدىن كېيىن، ئالدىمىزدىكى بايرامدىن كېيىن... دەپ يۈرۈپ خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئانچە ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئىشتىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈش، ھاياتىنى يېڭىدىن باشلاش قارارىغا كەلگەنىدى.

بۈگۈن مەخمۇت زاۋۇتتا ئۇزۇندىن بېرى لايىھىلەپ يۈرگەن چىرتيوژنىڭ لايىھە نۇسخىسىنى لاياقەتلىك تاماملاپ، تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭ خىزمەت ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق بىر كۈن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىشتىن چۈشتىدە، ئۆز خۇشاللىقىنى تەقدىرداشى ۋە سىرداشى بولۇپ كەلگەن ئايالى — شەرىپەگە يەتكۈزمەكچى بولۇپ ئالدىراپ ئىدارىدىن چىقتى...

— مەخمۇت، ھەي مەخمۇت! نەگە ماڭدىڭ ئاداش، — مەخمۇت ئۆزىنى بىرسىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ موتسىكلىتىنى تورمۇزلىدى. چاقىرغىنى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشى ئىدى.

— ھوي، ئېلىغۇ سەن ئاداش، بۇ

يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

ـ ساڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش بىزگە نېسىپ بولمىغاندىكىن، ئاز ـ تولا ئوقەتچىلىك قىلىپ يۈرىمىز. سېنى مۇشۇ شەھەردە دەپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن ئىزدەپ بارالمىدىم، بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئەجەب ياخشى بولدى. يۈر، ئازراق پاراڭلىشايلى.

ـ مەن ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن.

ـ بولدى، بولدى. ئۇ ئالدىراشلىرىڭنى قوي ئاداش، ئارامىڭ ئال. قارىغاندا خېلى خۇشالدەك كۆرۈنىسەن، بىرەر ـ ئىككى رومكا ئىچكەچ پاراڭلىشايلى.

مەخمۇت ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى. بۇ ئىككى ساۋاقداش ئۆزلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن هايات مۇساپىسى ۋە هازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئاغىنىچە ئوبدانلا تەڭشە-لىپ قالدى. خېلىدىن كېيىن ئېلى ئېغىزىنى مەخمۇتنىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلىپ شىۋىرلى-دى:

ـ ئاداش، هاراقنىمۇ ئىچتۇق، ئەمدى يەنە بىر پەيزى قىلامدۇق؟

ـ قانداق پەيزى قىلساق دەيسەن؟

ـ مۇشۇ دۇكاندا ئىككى سەتەڭ بار دېگىنە، شۇنداق چىرايلىق ...

ـ ياق ئاداش، ئايالىم بىلەن ئوغلۇمغا يۈز كېلەلمەيمەن.

ـ قوي، ئۇنداق يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىڭ-نى، خوتۇن دېگەن كۆندە ئىختىيارىڭدا، لېكىن مۇنداق قاملاشقان سەتەڭلەرنى تاپالمايسەن. ئېسىڭدىمۇ، كىچىكىمىزدە قىزلار بىلەن بىرگە ئۆي تۇتۇشۇپ ئوينايتتۇق. شۇندىن كېيىن بىز كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. بۈگۈن بىر سائەتتى

كەلگەن ئوخشايدۇ، ياق دېمە، بوپتۇ، پۇلغا چىدىمىساڭ، ھەر ئىككىسى ئۈچۈن مەنلا تۆلەۋېتەي. كادىر دېگەنمۇ ئاشۇنداق چىدىماس، بېخىل بولىدۇ ئەزەلدىن.

مەخمۇت ئېلىنىڭ سۆزلىرىنى چاقچاق دەپ چۈشەنسىمۇ، يەنە بەزى گەپلەرگە قاراپ تۇرۇۋېرىشقا غۇرۇرى كۆتۈرمىدى. ئېلى دۇكاندار سېمىز ئايال بىلەن نېمىنىدۇر پىچىرلىشىپ، يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپ كەلدى-دە، مەخمۇتنىڭ دولىسىغا بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ:

ـ يۈر، ـ دېدى. مەخمۇت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، ـ ھەر ئىككىلىسى سەتەڭ نېمىلەر، تولا كەلگەنمەن، ـ دېدى ئېلى بىر خىل كۆرەڭلىك بىلەن، ـ قايسىسىنى خالساڭ شۇ سېنىڭ، سەندىن ئاشقىنى ماڭا. مەن ئۈچۈن قايسىسى بولسا بەرىبىر. لېكىن سېنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشىڭ، ئوبدانراق پەيزى قىلىشىڭ كېرەك-تە!

ئۇلار ئاشۇنداق سۆھبەتلەر ئارىسىدا ئارقا هويلىغا ئۆتتى.

ـ هە! ... ـ دېدى مەخمۇت بوسۇ-غىدىن پۇتىنى ئېلىش بىلەن تەڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن هالدا ئەندىكىپ.

ـ سىز ... ـ دېدى شەرىپە يېرىم ئۇچۇق هالەتتە تۇرغان كۆكسىنى كۆڭلىكى بىلەن ياپقاچ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ دۇدۇقلاپ ...

ـ مەن ... سىز ... بۇ ... ـ مەخمۇتمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ چىرايى ئوخشاشلا ئۆلۈكنىڭكىدىنمۇ بەتتەر تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى بىر ـ بىرىنى يەۋەتكۈدەك دەرىجىدە چەكچىيىپ قالغانىدى...

# «قىرچىنتال» ھېكايىسى توغرىسىدا

گۈلشەن نىياز

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان «قىرچىنتال» ناملىق ھېكايىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان، بولۇپمۇ ئايال كىتابخان قانداقتۇر ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ تۈرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئەسەردىكى ۋەقەلىك، پىرسوناژ، مۇھىت قاتارلىقلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساختىلىق، ياسالمىلىق بىلەن يارىتىلغاچقا، ئەسەر باشتىن-ئاخىر كىتابخانلارغا ياسالما-سۈنئىيلىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، خالاس.

ئەسەردىكى ۋەقەلىك مۇنداق:

ئابدۇنەبى ئىسىملىك بىر يازغۇچى ئۇرۇمچىدىن يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە، ئۇرۇمچىدىكى دادىسىنى يوقلاپ كېلىۋاتقان نۇرسىما ئىسىملىك بىر قىز بىلەن بىر ئاپتوبۇستا سەپەرداش بولۇپ قالىدۇ. ئۇ قىز يازغۇچى ئابدۇنەبىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. شۇڭا قىزنىڭ ھەرىكىتى ئۇنى قىزىقتۇرىدۇ (مەسىلەن، قىزنىڭ ئاپتوبۇسقا چىقىپلا كۆنىلىقىدىن چەت-چۆرىلىرى قىيىلىپ يىرتىلغان، تىنىمسىز تىترەپ لەپىلدەپ تۇرىدىغان كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشى ھەمدە داۋانچىڭغا كەلگەندە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قىرچىن دەرىخىدىن سۇندۇرۇۋالغان بىر تال چىۋىقنى كۆتۈرۈپ چىقىشى).

ئەسلىدە بۇ قىز سەنئەت شۆيۈەننى پۈتتۈرۈپ مەلۇم ئۆمەكتە ئىشلەۋاتقان ئارتىسكا بولۇپ، ئابدۇنەبىنىڭ «قىرچىنتال» ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يازغۇچىغا ئاشىق-بىقارار بولۇپ، كۆيۈك ئوتىدا كۆل بولۇپ، كۆنلىرىنى «قىرچىنتال»نى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، يازغۇچىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى مۇزىكانت سۆيگىنىنى تاشلىۋېتىپ ھىجران ئازابىنى تارتىۋاتقان، مۇشۇنداق ئۇچرىششىنىڭ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان بىر قىز ئىكەنلىكى سەپەر داۋامىدا ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنەبى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىچىدە، يەنى ئائىلىسىنىڭ بارلىقى، يەنە بىر گۈزەل قىز ئوقۇتقۇچى گۈلسىمانىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ موماي بولۇپ قېلىشقىمۇ رازى بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ، ئاخىرى نۇرسىما ئىسىملىك بۇ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ھەمدە قونىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئابدۇنەبى كەلگەن بۇ شەھەر، ئۇ قونغان بۇ ئۆي بولسا، ئۇ ئۆزى نەچچە يىلدىن خۇپىيانە بېرىش-كېلىش قىلىۋاتقان، بىر-بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشكەن گۈلسىمانىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ ئۆيى ئىدى. بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆرۈشكىلى كەلگەن گۈلسىمانىڭ بۇ ئۆيدە كۆرگىنى كىم دېمەمسىز؟ ئۇ قىز ئۆمرىنى بېغىشلىغان، ئەقىدە قىلغان ئۇجمە كۆڭۈل

ئابدۇنە بى ئىدى.

ھەممىزگە مەلۇمكى، ئەسەردىكى ۋەقەلىكنىڭ چوڭ-كىچىك، ئاجايىپ-غارايىپ بولۇش-بولماسلىقى ئاساسىي مەسىلە ئەمەس. نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلىرىمىز ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن ماھىيەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاپ خۇددى بىر تامچە سۇدا قۇياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك كىچىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ.

«قىرچىنتال» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىمۇ ئەنە شۇنداق ئادەتتىكى تۇرمۇش ۋەقەلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا تېما، بەدىئىيلىك، ئەدەبىي ئۇسلۇب، بەدىئىي ماھارەت، كومپوزىتسىيە، شۇنىڭدەك تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ياكى سۆيۈندۈرىدىغان ئالاھىدە نەرسىلەرنى ئۇچرىتالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىز كىتابخانلار تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز، شۇڭا چىنلىق تۇيغۇسى يېتەرسىز بولغان بۇ ئەسەردىن بەدىئىي زوقلىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. «قىرچىنتال» دىكى پېرسوناژلار بىلەن رېئاللىقنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

ئەسەردىكى يازغۇچىنىڭ ئوبرازى باشتىن-ئاخىر ئۆلۈك، جانسىز، قىلچىمۇ بەدىئىي قىممىتى بولمىغان ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. ئەسەردىكى يازغۇچى قىرچىن دەرىخىنىڭ ئىسمىنىمۇ، دەرەخنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ پەقەت قىرچىن دەرىخىنىڭ تۈز، ئىنچىكە سەۋرىدەك قامەتلىك، چىرايلىق ئۆسىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، «قىرچىنتال» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىدۇ ھەم بۇ ئەسىرى بىلەن بىراقلا داڭ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەزى ئاياللار يازغۇچىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بايان قىلىپ خەت يازسا، يەنە بەزىلىرى كۆيۈك ئوتىدا كۆل بولۇپ كېچە-كۈندۈز يىغلاپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ سۆيگەنلىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ...

لېكىن كىتابخانلار پۈتۈن ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلمەيدىغان بايانلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولغان «قىرچىنتال» نىڭ زادى قانداق ئەسەر ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغىنىدا، پەقەتلا: «ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئىستەك-ئارزۇلىرى، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى مېنىڭ جاراھىتىمگە مەلھەم بولدى» دېگەن جۈملىلەردىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدە مەزمۇننى ئۇچرىتالمىغانلىقى، شۇنچە ئاياللىنى ۋەسۋەسىگە سېلىشىنىڭ سىرىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كىتابخانلار يەنە ئەپسۇسلىنىدۇ.

لېكىن بىز «قىرچىنتال» دا يازغۇچى ئابدۇنەبىنىڭ كىتابخانلارنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك، ئۇلارنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر ھەرىكىتىمۇ، شۇنداقلا يەنە يازغۇچى بولۇش سۈپىتى

بىلەن ئېيتقان بىرەر جۈملە تەسىرلىك سۆزىنىمۇ ئۇچرىتالمايمىز.

ئادەم بىنىر ئىزدا توختىماي ئايلىنىدىغان يەر شارى ياكى رېلىستىن چىقماي ماڭىدىغان پويىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ. دېمەك ئۇ بىر جانلىق گەۋدە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بىز ئابدۇنەبىنىڭ ئەسەردە گۆشىمۇ، سۆڭىكىمۇ بولغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر ئەر پېرسوناژ قىلىپ يارىتىلمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، كومپوزىتور ئابدۇكېرىم ئاكا ئابدۇنەبى بىلەن نۇرسىمانى تونۇشتۇرۇپ «ساۋابلىق ئىش» قىلغاندىن كېيىن كېتىپ قالىدۇ (ئەگەر ئادەمنى ئادەمگە تونۇشتۇرۇش ساۋابلىق ئىش بولىدىغان بولسا).

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرى چۈشكەن ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا ماڭىدۇ. يولدا ئابدۇنەبى قىزغا گەپمۇ قىلماي بېشىنى سىلىپ كوچىنىڭ چېتى بىلەن ماڭىدۇ. كىتابخانلارغا مەلۇمكى، ئابدۇنەبى ئاپتوبۇسقا چىقىپلا ئۇ قىزغا قىزىقىپ قالغان، يەنە كېلىپ پۈتۈن دىققىتىنى قىزغا مەركەزلەشتۈرگەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇ باشقىلار تونۇشتۇرۇپ قويغان پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىزغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى پۈتۈنلەي نورمال ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ.

يەنە «K» شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ توخۇدەك يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئۆز ئالدىغا ئىككى كىشىلىك ياتاقنىڭ بېلىتىنى ئالىدۇ. بۇ ھال قىزنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. قىز يەنە ئابدۇنەبىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مۈگدەك باسقاندەك كۆزلىرىنى يالغاندىن يۇمۇپ يېتىۋالىدۇ. «كۆرۈۋچتە خەۋەر يوق سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك، قىزنىڭ ئېسىدە يوق نەرسىنى ئېسىگە سالىدىكەنۇ يەنە كۆزلىرىنى يالغاندىن يۇمۇۋېلىپ يېتىۋالسا بۇنى قانداقمۇ نورمال ئەر كىشى دېگىلى بولسۇن؟

ئەمدى ئەسەردىكى نۇرسىما، گۈلسىما ئوبرازلىرىغا كەلسەك، ئاپتور بۇ ئوبرازلارنى ياراتقاندىمۇ ئوخشاشلا ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمىغان ھەمدە بۇ ئىككى ئاشىق ئۈچۈن ئالاھىدە سەھنىمۇ ھازىرلىمىغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى قىزنىڭ ئابدۇنەبىنى ياخشى كۆرۈشى، ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇشى «قىرچىنتال» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن دىدارلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ يەنە قانداقتۇر ئۇلارنىڭ مەلۇم ئاكىلىرى ۋاستە بولىدۇ.

ئەسلىدە گۈلسىما «قىرچىنتال» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىر كافېدرادا ئىشلەيدىغان مەلۇم بىر ئاكىسىغا يازغۇچىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يازغان خەتلىرىنى، لېكىن بۇ خەتلەرنىڭ جاۋابسىز قېلىۋاتقانلىقىنى... دەيدۇ. بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئانىسىمۇ خەۋەر تېپىپ ھېلىقى ئوقۇتقۇچىغا ئابدۇنەبىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىشنى تاپىلايدۇ. شۇڭا قۇربان ھېيت كۈنى ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئابدۇنەبىنى گۈلسىمانىڭ ئۆيگە باشلاپ بارىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئىككىيلەن ئارىسىدا غەيرىي مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايالى بولغاچقا ئائىلىسىدىن ياكى گۈلسىمادىن كېچەلمەيدۇ. ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خۇپىيانە بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق غەيرىي مۇناسىۋەت داۋاملىشىۋاتقان شارائىتتا نۇرسىما پەيدا بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇنى ئەسلىدىنلا بار بولغان ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت تورىغا باشلاپ كىرىدۇ.

(ئاخىرى 103- بەتتە)

# پرودھوم شېئىر ۋە نەسرلىرىدىن

ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** سۇلى پرۇدھوم (Sully—Prudhomme, 1839—1907) فرانسىيىلىك شائىر. پارىژدىكى بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدە زېرەك، ئوقۇشى ياخشى بولغان بولسىمۇ سالامەتلىكى يار بەرمىگەچكە داشۆگىچە ئوقۇيالمىغان. دەسلەپكى يىللاردا ئاددىي خىزمەتچى، ئىنژېنېر بولغان ھەمدە قانۇن ساھەسىدە ئىشلىگەن، كېيىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

پرۇدھوم 60-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت»نى تەشەببۇس قىلىدىغان بارناس ئېقىمىغا قاتناشقان ۋە تېزلا بۇ ئېقىمنىڭ غوللۇق شائىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ، بۇ ئېقىمدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆزىگە خاس، مۇستەقىل يول تۇتقان.

ئۇ شېئىرلىرىدا قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى پىنھان سىرلار، نازۇك تەسرات ۋە تۇيغۇلارنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇپ، شېئىرلىرى ئىنتايىن نەپىس، مۇزىكىدار ھەم لىرىك.

پرۇدھومنىڭ لىرىك شېئىرلىرى شۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقاچقا، ئۇ 1901-يىلى «شېئىرلىرى يۈكسەك غايە، مۇكەممەل بەدىئىيلىككە تويۇنغان ۋە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان قەلب بىلەن ئەقىل-پاراسەت مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن» دەپ قارىلىپ، ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن تارتۇقلانغان.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «تەنھالىق» (1869)، «بىھۇدە مېھرىبانلىق» (1869)، «ئادالەت» (1878)، «سىناق» (1866)، «قىسمەت» (1872)، «ئۇرۇش تەسىراتلىرى» (1872) قاتارلىق ئون تۆت شېئىرلار توپلىمى ۋە «پاسكالنىڭ ھەقىقىي ئېتىقادى» (1905)، «ئويلار» (1922) قاتارلىق سەككىز پارچە نەسرلەر توپلىمى بار.

## كۆزلەر

كۆزەل ھەمدە سۆيۈملۈك زەڭگەر، ياكى قاپقارا —
ئاشۇ كۆزلەر ھەممىسى سۆيگەن تاڭنى قانماستىن.
كەتتى كۆزلەر ئۇيقۇغا ئەمدى قەبرە ئاستىدا،
كۆتۈرۈلدى مەشرىقتىن قۇياش بالقىپ ۋە لېكىن.

زۇلمەت كېچە كۈندۈزدىن مېھرلىكتۇر شۇ قەدەر،
مەپتۇن قىلار ئۆزىگە سانسىز كۆزنى ئۇ ھامان.
قارچۇقلاردا سايىلەر ئەكسلىنەر ئاھ بەتتەر،
چاراقلىغان يۇلتۇزغا تولغان شۇ پەيت كۆك ئاسمان.

ۋادەرىخا! ئۇ كۆزلەر كۆرەلمەمدۇ راستىنلا؟
ئىشەنمەيمەن ئۇنىڭغا، ياق-ياق، ئەسلى بۇ يالغان!
بۇرالغاندۇر ئۇ كۆزلەر ئاستاغىنە يىراققا،
ھېچ كىشىگە كۆرۈنمەس يىراقلارغا بۇرالغان.

غايىب بولۇپ يۇلتۇزلار ئايرىلسىمۇ بىزلەردىن،
بۈيۈك كۆككە ئېسىلىپ تۇرار يەنە ئۇ بىراق.
قارىچۇقتىكى ئادەمغۇ ۋاز كېچەلمەس ئۇيقۇدىن،
ئۇ ئۆلمىدى ئېھتىمال، ماماتلىقتىن كۆپ يىراق.

قارا ياكى زەڭگەر كۆز سۆيۈملۈك، ئۇز شۇقەدەر،
قەبرىلەرنىڭ تېگىگە چوڭقۇر دەپنە قىلىنغان.
مۇنتەزىر بولۇپ شۇ مۇقەددەس تاڭلارغا سەھەر،
تەلمۈرۈپ قارايدۇ داۋاملىق، كۆزلەر يۇمۇلغان.

## خۇرسىنىش

چاقىرىپمۇ باقمىغان ئۇ قىزچاقىنىڭ ئىسمىنى،
كۆرمىگەنمەن ئۆزىنى، ئاڭلىمىغان سۆزىنى.
ساداقەتتە تەۋرەنمەي كۈتمەكتىمەن تېخىچە،
مەن سۆيىمەن ئۇنى شۇنداق مەڭگۈگە.

قۇچاق ئاچسام سەن ئاڭا بىلەكلىرىم تالغۇچە،
قۇرۇق قالار قوللىرىم ئۇ كەلمىگەچ قېشىمغا.
قوللىرىمنى سوزىمەن ئاڭا يەنە تاقەتتە،
مەن سۆيىمەن ئۇنى شۇنداق مەڭگۈگە.

باغرىم ئېچىپ ئۇ قىزغا قوللىرىمنى سوزىمەن،
ۋىسالغا يېتەلمەي ياش تۆكمەن ھەسرەتتە.
قۇرىمايدۇ كۆز يېشىم، سەلدەك ئاقار ھېلىھەم،
مەن سۆيىمەن ئۇنى شۇنداق مەڭگۈگە.

چاقىرىپمۇ باقمىغان ئۇ قىزچاقىنىڭ ئىسمىنى،
كۆرمىگەنمەن ئۆزىنى، ئاڭلىمىغان سۆزىنى.
بىراق سۆيگۈ دىلىمدا ئارتىپ تۇرار بارغانچە،
مەن سۆيىمەن ئۇنى شۇنداق مەڭگۈگە.

## ئېلىشىش

شۇبھىلەر قىينايدۇ مېنى ھەر ئاخشام،
ئېلىشىپ-چېلىشىپ يېچەلمەيمەن ھېچ.
يوچۇن شۇ مەخلۇقنى — ئىبلىسنى تامام،
قورقىمەن تولغىنىپ ياتالماستىن تىنچ.

ئۇيقۇدىن بىدارمەن، خىيالغا پېتىپ،
«قويۇۋەتمەس ئىدىم ئۇنى گەر تۇتسام».
دەيمەن ئۆلۈك كەبى ماجالسىز يېتىپ،
«نە بولغاي مەن ئۇنى يەڭسەم، ئاھ تۇتسام»؟!

چىراغنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ ئانام،
سورايدۇ تەر بېسىپ كەتكەچ ئاۋايلاپ،
— مېجەزىڭ يوقمۇ-ھە، جىگىرىم-بالام؟

بىر قولۇم باغرىمدا، بېشىمدا بىر قول
غەمگۈزار ئانامغا بېرىمەن جاۋاب:
— ئېلىشتىم تەڭرىگە قويماستىن ھېچ يول!

## سامانيولى

يۇلتۇزلارغا بېقىپ دېدىم كېچىدە:
«سىلەر بەلكىم ئۇنچە بەختلىك ئەمەس،
نۇرلىرىڭلار چەكسىز زۇلمەت ئىچىدە،
يېقىملىق بولسىمۇ ئازابقا پەۋەس.

كۆرىمەن مۇقەددەس قىزلار كۆكتە،
قارىلىق تۇتۇشقان كىيىنىپ ئاپئاق.

كۆتۈرۈپ شاملارنى ئۇلار بەس-بەستە،
تۆكۈشكە دەردىنى توپلىشار ھەر ياق.


ئۇلتىجا قىلدىڭلار ھازىرمۇ تاكى؟
سىلەر ئاسمان جىسمى باغرى خۇن بولغان؟
ئاسماندىن سەپتىڭلار نۇر ئەمەس، بەلكى
نۇرنىڭ كۆز يېشىنى ھەسرەتكە تولغان.

ئەجدادى ئىدىڭلار يۇلتۇزلار ئەسلى،
دۇنيانى ياراتقان تەڭرىنىڭ ھەتتا،
يېشىڭلار ئاقىدۇ سەلدەك گوياكى ...»
يۇلتۇزلار دېيىشتى: «بىزلەر بەك تەنھا ...

شۇ قەدەر يىقىن دەپ ئويلايسەن بىزنى،
شۇنچىلىك يىراقمىز بىزلەر ئەمەلىيەت.
بىزلەردىن پارلىغان گۈزەل نۇرلارنى،
بۇ يەردە كۆرەلمەس ھېچكىملەر پەقەت.

ئۇلارنىڭ قەلبىدە يانغان مۇھەببەت،
شەپقەتسىز بوشلۇقتا ئۆچتى بىمەھەل.»
«چۈشەندىم!» دېۋەتتىم قىلالماي تاقەت،
«قەلبىڭلار ئوخشاشكەن بىز بىلەن تۈگەل.

بىزنىڭمۇ ئوخشاشلا ھەر يۈرەك يانغان،
سۆيگەن كىشىسىدىن ئايرىلار يىراق.
تەنھالىق — ئەبەدىي قۇتۇلالمىغان،
شەپىسىز كۆيىدۇ تۈنلەردە شۇنداق»؛



## دېڭىز

نالە قىپ يىغلايدۇ دېڭىز بەك دەھشەت،
ئۇ گويا ھامىلدار بۇزرۇكۋار ئانا.
ئىككىمىز بولغانچە سالىدۇ چۇقان،
ھەرقانچە قىلىسمۇ چۈشمەيدۇ بالا،
ئاغرىققا چىدالماي دوملايدۇ ھەر يان.

تولغىنىپ قوپسىمۇ ئورنىدىن تەستە،
يىقىلىپ چۈشىدۇ يەنە ئۇ ھالسىز،
ئاراملىق تاپىدۇ لېكىن بىر پەستە،
ئەينەكتەك تىپتىنچ، نۇرانە چەكسىز —
چۈشلەرنى كۆرىدۇ كۆكنىڭ ئاستىدا.

سىلايدۇ ئالەمنى يۈتى بىر-بىرلەپ،
كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ قولى كېمىنى:
ئەسكەندە ساباھلار كۈلەر ئۇ ئەجەب،
كۆرسىتىپ مەڭزىدە زىناقلىرىنى،
ئارقان تار، ماچتا بۆشۈك ئۇنىڭغا.

ماتروسلارغا دەيدۇ: «كەچۈر مۇبادا،
ئازابلىرىم ئېزىپ قويسا باغرىڭنى،
شۇ قەدەر ئاق كۆڭۈل بولسامۇ ئەمما،
ھەسرەت چەكتىم، تاپالمىدىم دۇنيادا
مېنى قۇتقۇزغۇدەك ھېچبىر ئادەمنى!»

ئاغرىنىپ شۇ تىرەن دېڭىز ئاستىدا،
قورسىقى كۆپىدۇ، پەسلەيدۇ يەنە،
جىسمىدا ئازابلىق قۇدرەت زىيادە،
بۆيۈكلۈكى قىلغان ئۇنى كۆپ تەنھا.

## ئىلھام

ئېزىققان رەڭدار قۇش ئۇچقانچە لەرزان،
دەرەخكە قونغاندەك قوندى ئۇ ساڭا.
ئۇ قوشنىڭ سۆيگۈسى قىلىندى پايخان،
پېيىنى قويماستىن يۈگەندەك ئەمما.

جىسمىڭغا يېپىشقان پەيدىن ھارارەت،
ئۇرۇلۇپ تۇراتتى پۇۋلەپ-قاققاندا.
ئۆتكۈزدۈك ئاپپىقىم ئېغىر جىنايەت،
يۈرىكىم ئىدى ئاھ، ئاشۇ قۇش ئۇندا!

سۆيۈندۈك ئىشىڭدىن، چەكتىم مەن پىغان،
ئېچىنىپ قارىدىم قۇشقا قەلبىمدە
توزۇغان پەيلىرى بوشلۇقتا ھەريان.

تەۋرىتىپ چۈشۈمنى ئوتلۇق تىنىقىڭ
ئۆستۈردى سۆيگۈدە بولدۇم بىر شائىر
خورلىما سۆيگۈمنى، سۆيسەم مەڭگۈگە.

## تەن ۋە روھ

نەقەدەر بەختلىك لەبلەر دۇنيادا!
تەھسىن ئوقۇيدۇ ئۇلار سۆيۈشۈپ،
نەقەدەر بەختلىك ئىللىق كۆكرەكلەر!
تىترەڭگۈ تىنىقلار تۇرار ئالمىشىپ.

بەختلىك يۈرەكلەر مەۋج ئۇرغان قان!
ئۆزئارا سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇرار.
نەقەدەر بەختلىك بىلەكلەر! ئۇلار
كەڭ قۇچاق ئېچىشىپ چىرمىشار شۇئان.

بەختلىك ۋە يەنە كۆز ھەم قوللارمۇ!
مەشۇقنى كۆرسە كۆز، سىلايدۇ قوللار.
راستىنلا بەختلىك ئادەمنىڭ تېنى!
لەززەتكە چۈمۈلەر ئۆلگەنگە قەدەر.

ۋە لېكىن. روھلارنىڭ شورلۇق قىسمىتى!
ئۇچرىشىپ باقمىغان ئۇلار زادىلا.
گويا كى لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوت-يالقۇن،

راستىنلا بەختلىك ئادەمنىڭ تېنى!
لەززەتكە چۆمۈلەر ئۆلگەنگە قەدەر.

ۋە لېكىن روھلارنىڭ شورلۇق قىسمىتى!
ئۇچرىشىپ باقمىغان ئۇلار زادىلا.
گويا كى لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوت-يالقۇن،
ئايرىلىپ تۇرغاندەك ئەينەك ئاستىدا.

روھلارنىڭ زۇلمەتلىك زىندىنى ئىچرە،
چاقىرىپ تۇرۇشار يالقۇن بېھۇدە.
قوشۇلۇپ كۆيەلمەس، ئۇلار ئۆزىنى
بەك يېقىن چاغلىشىپ يۈرسىمۇ شۇنچە.

ياشايدۇ مەڭگۈگە ئۇلار ئاشۇنداق،
ئاھ، ئۇلار ۋىسالنى قىلىدۇ ئارمان:
قوشۇلۇش بىر كۈنلا نېسىپ بولسا گەر،
مۇھەببەت ئۇچقۇنلا بىرىشىدۇ-جان.

## گۇمان

ھەقىقەت ياتىدۇ قۇدۇق ئىچىدە،
قورقىدۇ كىشىلەر قىلىشتىن كۈرەش،
تەۋەككۇل ئەيلىدىم، قورقۇشنى چۆرۈپ
قۇدۇققا چۈشمەكچى بولدۇم كېچىدە.

ئارقاننى تاشلىدىم تۈگىگەن قەدەر،
سىيرىلىپ چۈشتۈم ھەم قۇدۇق ئاستىغا.
قاراڭغۇ ئېلىكدە ئىزلىدىم ئۇندا،
يوق ئىدى ھېچقانداق نەرسىدىن ئەسەر.

بەك تىرەن بىر جايدا تىنغان ھەقىقەت،
قەلبىمنى تارتىدۇ ماگنىتتەك گويا،
سىلايمەن ھەريانى، تاپالماي پەقەت.
ئارقىنىم ئېگىگە يەتمەيدۇ ياكى،
قۇدۇققا سولىنىپ قالدىمۇ ئەبەت،
قۇياشسىز زۇلمەتنىڭ بولۇپ تۇتقۇنى؟


## ستالاكتىت

خۇشتارمەن كۆرۈشكە ئۆڭكۈرنى قەۋەت،
زۇلمەتنى يورۇتسا يالقۇنلار بۇندا.
تاملارغا ئۆرۈلۈپ قايتىدۇ سۇربەت،
ئايىغىم ئاستىدىن چىققان بوش سادا.

ستالاكتىت① يۈزىدىن تەپچىرەيدۇ سۇ،
ئەگمىدە — بېشىمدا تۇرغان ساڭگىلاپ.
نە سۆكى، ئۇ گويا تۆكۈلگەن كۆز ياش،
يۇتۇمغا چۈشىدۇ ئاستا تامچىلاپ.

سىڭگەندۇر گۆر كەبى قاراڭغۇلۇققا،
ئازابلىق سۆكۈنات بۇ يەردە بەلكىم.
ئەبەدىي قۇرىماس ھەسرەتلىك ياشقا —
يۈزلىنىپ شۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە دائىم.

ئېسىمگە چۈشىدۇ ئازاب چەككەن روھ،
قەدىمىي مۇھەببەت ئۇخلايدۇ ئۇندا.
مۇز ئوخشاش قاتقانغۇ كۆز ياشلار ئەسلى،
نېمە ئۇ ياش تۆككەن توختىماي يانا؟



① ستالاكتىت — گېئولوگىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، بىر خىل تاشنىڭ نامى.

# ئويلار

## ( نەسرلەر )

شېئىر مەۋج ئۇرۇۋاتقان قەلبنىڭ خورسىنىشى.

*　*　*

شېئىر قەلب تارىدىن ياڭرىغان مۇزىكا.

*　*　*

توغما شائىر قېنى بولغان پەيلاسوپ ئىنتايىن بەختسىزدۇر. ئۇ ئەلۋ لەززەتلىك، شېرىن خىياللارنى ئازابلىق ئويلارغا ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە نەزەر تاشلايدۇ، شۇنداقلا ئۆزى بەھر ئېلىۋاتقان ئاشۇ نەرسىنىڭ ھالاكەت-ئۆلۈمى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ياش تۆكىدۇ. پەيلاسوپلارغا ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ساپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشىدۇ — بۇ ئاڭا خۇشاللىق مەنبەسى بولغاچقا ئۇ پەيلاسوپقا ئايلانغان. بىراق، شائىر بەختلىكتۇر، ئەگەر شېرىن خىيال ئەلۋ زور ئازاب ھېسابلانمىسلا، ئەلۋ ئاخىر بەختسىزلىك قاتارىدىن قېپقالىدىغىنى ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان خەلق، ئۇنىڭ سوغۇققانلىقى كىشىنى بىزار قىلىدۇ. «تەڭرى»، «ئۆلۈم»، «پايانسىز»، «ئەبەدىيات-مەڭگۈلۈك»، مانا بۇلار ئۇلارغا[1] ئادەت بولۇپ قالغان سۆزلەر. ئۇلارنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇغىنىسى ھايۋانلارنىڭكىدىن پەرقسىز بولغان بۇ خىل بەخت كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ؛ مەن باشقىلارنىڭ قىممەتلىك بەختسىزلىكىگە رازىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئوي-پىكىر قىلماسلىقىغا رازى ئەمەس.

*　*　*

شائىر شېئىرنى شائىر ئۈچۈن يازىدۇ، خۇددى گېئولوگ گېئولوگ ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە يازغاندەك؛ شېئىر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئوخشاشلا مۇئەييەن چېنىقىش جەريانىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ھەۋەس-ئىشتىياقسىز چېنىققان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئۇلار قىلغان تەنقىدنىڭمۇ قىلچە تەسىرى بولمايدۇ.

*　*　*

... پۈتكۈل ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەتنىڭ تارماقلىرى.

*　*　*

چالا موللامنىڭ ئەسەرلىرى ھەمىشە ھەقىقىي ئۆلىمانىڭ ئەسەرلىرىدىن چۈشىنىكسىز بولىدۇ.

*　*　*

ئەدەبىي جاسارەت ئۆزىنى تالانتسىز دەپ قارايدىغان ئەمما، زوقلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بەزى كىشىلەرگىلا بىر خىل ئازاب. چۈنكى، ئۇلار گۈزەللىكنى تونۇيدۇ-يۇ، ئىجاد قىلالمايدۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

---

[1] بۇ يەردىكى «ئۇلار» خەلقنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن.

ئەگەر، ئەدەبىياتتا چىنلىق ئىشقا ئاشسىلا خاسلىق يارىتىلغان بولىدۇ. مۇنەۋۋەر خاسلىق، قەلب تىلىنىڭ مۇكەممەل چىنلىقىنى خاتىرىلەشتىن ياپشقا نەرسە ئەمەس. مۇبادا چىنلىقنىڭ بىر خىللا مەۋجۇت بولسا، ئۇنداقتا قەلبلا خاسلىققا ئىگىدۇر. ئەدەبىي خاسلىقنى مۇنداق بىر نەچچە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: قەلب ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان مەڭگۈلۈك چىنلىق.

* * *

سۆيگەن چېغىڭدا مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيسەن، سۆيمىگەندە سۆيگۈ — مۇھەببەتكە نائىل بولىسەن. ئاق كۆڭۈل يىگىت ئۈچۈن ئېيتقاندا قايسىسىنىڭ بەكرەك ئازابلىق بولىدىغىنىنى بىلمەيسەن.

* * *

قىزلار تەگرىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى.

* * *

«مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلالماسلىقنىڭ ئۆزىلا مۇھەببەت. ئۇنداق دېيىش، نىكاھنىڭ ئۇيغۇنلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

* * *

ئىشق-مۇھەببەت دوستلۇقتىن چوڭ، چۈنكى ئۇ دوستلۇقنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدۇ؛ بىراق دوستلۇق مۇھەببەتتىن بۈيۈك، چۈنكى مۇھەببەت قەسرى غۇلاپ چۈشكەندە ئۇ قەلب جاراھىتىگە مەلھەم بولالايدۇ.

* * *

مۇھەببەتنىڭ ئىشەنچلىك بىر ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ۋاقىت.

* * *

مەن تەنها قايغۇرۇپ ئولتۇرىدىغان كىشىلەردىن ۋايىم يەيمەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرى ئۆزگىلەر بولماستىن بەلكى ئۆزلىرى.

* * *

بىردىنلا ئالدانساق، ھەر قانداق بىر ئىش بىزنى خۇشال قىلىدۇ؛ شۇڭا، ئازابلىق چىنلىقنى خالايمىزكى، ھەرگىزمۇ لەززەتلىك خام خىيالنى خالىمايمىز.

* * *

بەدىئىي زوق يۇقىرى قاتلاملىق ئەقىل ئىگىسىگە تەئەللۇق.

* * *

ئاددىي كىشىلەر ئۆلۈۋالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ؛ ئادەتتىكى روھ ئۈچۈن ئېيتقاندا، زېمىن ھېسابسىز بايلىقلار بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ بەختلىك ماددىي بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ زېمىن بەرگەن.

* * *

ئاتاق-ئابروي ئاممىنىڭ بىراۋغا بولغان قارىشىنى ئىپادىلىسە، ئاڭ تەگرىنىڭ بىر ئادەمگە بولغان قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

* * *

ئالىملار، سودىگەر ۋە شائىرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىدىغان، ئارزۇلايدىغان ھەمدە قىزىقىدىغان نەرسىلىرى بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى؛ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆچۈن ئېيتقاندا، دۇنيا ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا ماس كەلگەندىلا ئاندىن مەۋجۇدىيىتىنىڭ سەۋەبى ۋە قىممىتى بولىدۇ.

* * *

بەزى پىنورمال خاراكتېر ساغلام روھقا ئەگىشىدۇ.

* * *

تالانت ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن قۇتۇلۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

* * *

سەيىر قىلىش، سەپەر جەريانىدىكى ۋىدالىشىش.

* * *

ئەخلاق ھەمىشە ئىنسان ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

* * *

ھەقىقىي سەنئەتكار، ئۆزىنىڭ تەربىيىسى ياكى سەرگۈزەشتىسى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ئۆز ئەسىرىدىن نېمىنىڭ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغانلىقىنى ئوپئوچۇق سېزىۋالالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي تاقابىل تۇرۇشنى ئىستەيدۇ-دە، ئىككىنچىلەپ ئۆكۈت-نەسىھەت قىلمايدۇ ۋە تەنقىدتىنمۇ قورقمايدۇ.

* * *

مۇزىكا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىچكى بايان قىلغۇچى، ئۇ قەلب بىلەن بۈيۈك تەگرى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە، دەقىقىلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

* * *

ياشاش، ئۆلۈش دېمەكتۇر، مۇقەددەس ئويقۇ ئەنە شۇ ئۆلۈمنىڭ ئۇ يېشىدىن كەلگەن.

* * *

بىز داۋاملىق ياشاۋېرىدىكەنمىز، ئۆلۈم پەيلاسوپنىڭ پىكىر مەركىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. تۆشۈك ئاللىقاچان قېزىلغان، ئەمدى تۆۋەنگە چۈشۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ: ئەڭ تېگىدە زادى نېمە بار؟

* * *

ئادەم ئۆزىنى قانچىكى ئەركىن ھېس قىلغانچە، شۇنچىكى ھۆرلۈككە تەلپۈنىدۇ.

* * *

ھەقىقەتنى ئىزلەش ئىسپاتلاش، ھەقىقەتنى ئىشلىتىش ئىجاد قىلىش دېمەكتۇر. پەلسەپىنىڭ بىزنى تەگرىگە ئەمەس، ئەخلاققا يېقىنلاشتۇرۇشىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە.

* * *

مەن چۈشىنەلمەيدىغان ئادەم ياكى شەيئى تەگرىدۇر.

* * *

«چەكسىز» دېگەن بۇ سۆز ئۆز رولىنى يوقاتقىنىدا، پەيلاسوپلار بۇ سۆز ئارقىلىق تەگرىنى سۈپەتلىشىدۇ ...

* * *

دۇنيادا مەڭگۈلۈك-ئەبەدىياتتىن باشقا بۈيۈك ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغىنىمىزدا، بىز تولىمۇ كىچىككىنە، ئەرزىمەس نەرسىلەر ئارىسىدا سېلىشتۇرما بولىمىز. ۋەھالەنكى، ئەبەدىيات ماماتلىقتىن بۆلەك ھەرقانداق نەرسىدىن ئۇلۇغ.

* * *

قەلب تولۇق قانائەت تاپقاندا، روھ پەسكويغا چۈشۈپ جىمىپ قالىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئېتىقاد پايدىلىق، مەيلى ئۇ راست ياكى يالغان بولسۇن.

* * *

نېمە ئۈچۈن ماددا مەڭگۈلۈك ئەمەس؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر خۇددى دىنىي ئەھكاملارغا قارشى پاسسىپ، قاشاڭ بەزى نەرسىلەر ئەخلاقتىن ئەۋزەللىكنى ئىپادىلىگەندەك، ماددا بىلەن تەگرىنى سېلىشتۇرۇشتىن شۇ قەدەر قورقىدۇ؟

* * *

«قەلب»، «روھ»، «تەگرى» مانا بۇ سۆزلەر شېئىرنىڭ ئاساسلىق سۆزلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

* * *

بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىز، ماكان-بوشلۇق سىرتىدىكى ھەرقانداق بىر نەرسىنى تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالمايۋاتقىنىمىزدا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىدىيىمىزنى قانداق جايلاشتۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتىمىز. بوشلۇقتا پەيدا بولغان ھەرقانداق بىر سوبىستانسىيىنىڭ ئۆز دائىرىسى بولىدۇ.

* * *

ئىككى «مەن» ئىچىدە ھامان بىرىسى يەنە بىرىسىدىن ياخشى ياكى ئەسكى بولىدۇ.

* * *

بەختسىزلىكىمىز، كىشىلەرنىڭ تەگرىگە باش ئۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ ھېس قىلىشىدا؛ بەختلىكلىكىمىز، كىشىلەرنىڭ تەگرىگە تەشەككۇر ئېيتىش زۆرۈرىيىتىنى تېخىچە ھېس قىلمىغىنىدا.

* * *

ھېسسىياتمۇ سېزىمگە ئوخشاشلا ئىچكى دۇنيانى لەرزىگە سېلىش بىلەن بىرگە بەزى ھەقىقەتلەرنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئادەم مەڭگۈ يۈرىكىگە قولىنى سېلىپ پىكىر يۈرگۈزۈشى زۆرۈر.

* * *

ھەقىقىي دىئالېكتىكا، ھېسسىيات لوگىكىسىدۇر.

* * *

(خەنزۇچە «تەنھالىق ۋە ئويلار» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى)

# ھەقىقىي «ئاتۇق.»

(ھېكايە)

ئوسمان ھوشۇر

ھەر قېتىملىق مۇزىكا باشلانغاندا خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك قىزلار تەرەپكە ئېتىلاتتىم. بىرنەچچە قېتىم مەن تانسا ئويناۋاتقان قىزغا گەپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى تەرىپىدىن دەككە يېگىنىمدىن كېيىن بۇ بىر-بىرىدىن چىرايلىق قىزلاردىن ئۈمىد ئۈزدۈم. مەن نەزەرىمنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمايۋاتقان قىزلار تەرەپكە ئاغدۇردۇم. «ئايگۈل!» ئېمىنىدۇر ئېزدەپ قىزلار بار تەرەپنى تىنتىۋاتقان نەزەرىم بىردىن توختاپ قالدى. ئايگۈل يۈزلىرىنى تاتۇق قاپلىغان كۆرۈمسىز قىز ئىدى. ئەگەر كىچىكىدە يۈزىگە قايناق سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ تاتۇق قىلىپ قويمىغان بولسا ئاشۇ زىلۋا بەدىنى بىلەن چىرايلىق قىز سانىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئىچىمدە قوزغىلىۋاتقان بىر ھەۋەس خۇددى ئۆز نىشانىنى تاپقاندەك مېنى بۇ قىزغا تەلپۈندۈرۈپ بۇ قىزنى قىزلىق گۈزەللىككە مۇكەممەل تويۇنغان قىزغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى. بۇ قىز باشقا قىزلارغا ئوخشىمايتتى. چوقۇم بىرەر يىگىتنىڭ شېرىن چاقچاقلىرى ۋە ئەركىلىتىشكە مۇھتاج دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك، ئايگۈل مېنىڭ يېقىنچىلىقىمغا دەسلەپتە ھەيران قالغاندەك بولدى. چۈنكى بۇ قىز بىلەن بۇرۇن تونۇشساقمۇ ھەتتا سالام-سەھەتمۇ قىلىشمايتتۇق. تانسا ئويناۋېتىپ سورىغان سوئاللىرىمغا ئۇ ئەدەب بىلەن جاۋاب قايتۇرماقتا ئىدى. ئەمما ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش مەقسىتىمنى ئېيتقىنىمدا ئۇ رەت قىلدى.

مەن ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇپ ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچە رومكا ھاراق ئىچىۋەتتىم. ئايگۈلنىڭ كۈتۈلمىگەن سوغۇق مۇئامىلىسى مېنى ھەم گاڭگىراتتى، ھەم غەزەپلەندۈردى، ھەم مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ زالدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەينىدىن ئەگەشتىم. مەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغىنىمدا ماڭا چۆچۈپ قارىدى ۋە مەن ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن يەنە سۆزسىز ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. مەن ئامال بار ئۇ ئاڭلاشنى ياقتۇرىدىغان تېمىلار ئۈستىدە پاراڭلاشتىم ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشۈمنى ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. ئەمما ئۇنىڭ تېز-تېز قەدەم تاشلاشلىرى سۆزۈمگە قىسقا جاۋاب بېرىشلىرى جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتەتتى. كېچە قاراڭغۇلۇقى ئۇنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىنى يېپىپ ئۇنى بىر گۈزەل قىزغا ئايلاندۇرغانىدى.

— ئايگۈل، - دېدىم بۇ سۆزلەرنى خۇددى چىن قەلبىمدىن دەۋاتقاندەك تەسىرلىك چىقىرىشقا تىرىشىپ، — مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ئايگۈل.

ئۇ جىمجىت كېتىپ بارماقتا. مەن ئەمدى پەيت كەلدى دەپ قاراپ

(ئاخىرى 26-بەتتە)

# ئىككى ھېكايە

## ھېمىڭۋاي [ ئامېرىكا ]

مۇھەررىردىن : ئېرنېست ھېمىڭۋاي (Ernest Hemingway 1899—1961) ئامېرىكا ھازىرقى زامان بۈيۈك يازغۇچىسى، «كاڭگىرىغان ئەۋلادلار» ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ سەركەردىسى. ئۇ چىكاگو شەھەر ئەتراپىدىكى رايوندىكى بىر دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، بوكس قاتارلىق پائالىيەتلەرگە. تولىمۇ قىزىققان ھەمدە مۇزىكا ۋە رەسىمگە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىخچام، ئاممىباپ، جانلىق تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە بارغان، ئىتالىيە فرونتىدا ئېغىر يارىدار بولۇپ 13 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغان. بۇ جەريانىدا ئۇنىڭ بەدىنىدە قېلىپ قالغان 200 پارچىدىن ئارتۇق ئوق پارچىلىرى ئېلىۋېتىلگەن. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن پارىژدا ئۇزاق مۇددەت تۇرغان. ئۇ، بۇ مەزگىللەردە ئامېرىكىلىق ستەيىن، فونت قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجادىيىتىنى باشلىغان.

«دەۋرىمىزدە» (1924) ناملىق ھېكايىسى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. «قۇياش يەنىلا كۆتۈرۈلمەكتە» (1926)، «ئەلۋىدا، قىلىچقىم» (1929) ناملىق ئاساسلىق ئىككى رومانى بىلەن «تېڭىرقىغان ئەۋلادلار» ئەدەبىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغان. ئۇ ئامېرىكىدا بىر مەيدان «ئەدەبىيات ئىنقىلابى»نى قوزغىغان. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئۇ مادرىدنى قوغداش جېڭىگە قاتناشقان. بۇ چاغلاردا ئۇ «بارلىرى ۋە يوقلىرى» (1937)، «ماتەم قوڭغۇرىقى كىم ئۈچۈن چېلىندى» (1940) غا ئوخشاش رومانلىرىنى ئىجاد قىلغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۆزى شەخسىي ئارمىيە قوشۇنى تەشكىللەپ، ناتسىستلار سۇ ئاستى پاراخوتىنى ئالتە ئاي قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەرگەن ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پىدائىي قىسىمغا باشلامچىلىق قىلىپ، پارىژنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

50 - يىللاردا ئامېرىكىغا قايتىپ، ئەسلىدىكى بېلىق تۇتۇش، ئوۋ ئوۋلاش، كالا سوقۇشتۇرۇشتەك تەۋەككۈلچىلىككە تولغان تۇرمۇشنى يەنە باشلىغان. ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئۇ «دېڭىز ۋە بوۋاي» دەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان.

1954 - يىلى ھېمىڭۋاي «بايان سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكى، بولۇپمۇ بۇ ئۇنىڭ يېقىنقى ئەسىرى «دېڭىز ۋە بوۋاي» دا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەنلىكى، شۇنداقلا زامانىمىزنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى بېيىتقانلىقى» ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا خىلمۇ-خىل كېسەللىك سەۋەبىدىن جىسمانىي ۋە روھىي ئازابقا چىدىيالماي، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

## كۆۋرۈك بويىدىكى بوۋاي

كۆمۈش گەردىشلىك كۆزەينەك تاقىغان بىر بوۋاي كۆۋرۈك بويىدا ئۈستىبېشىنى چاڭ-توزان باسقان ھالدا ئولتۇراتتى.

بۇ ئاسما كۆۋرۈك ئىدى. دەريا ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتە سانجاق-سانجاق ئات ھارۋىلار، ھەر خىل كىرا ئاپتوموبىللار، ئەر-ئاياللار ۋە ئۇششاق باللار قىستىلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. خېچىر ھارۋىسىنىڭ چاقلىرى ئەسكەرلەرنىڭ كۈچەپ ئىتتىرىشى بىلەن ئاسما كۆۋرۈكنىڭ تىك يانباغرىغا قاراپ ئاستا سىلجىيتتى. يۈك ئاپتوموبىلى گۈرۈلدىگىنىچە يانباغىرغا چىقتى-دە، ھەممىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇزاپ كەتتى. دېھقانلار يەنىلا ئۇشۇقۇغىچە توپا كېچىپ ئۇيان-بۇيانغا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ئەمما ھېلىقى بوۋاي جايىدا مىتمۇ قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ماغدۇرى قۇرۇپ، قەدەملىرىنى يۆتكەشكىمۇ قۇربى يەتمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

مېنىڭ ۋەزىپەم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇ قىرغاقتىكى پۇتەيدە چارلاش ئېلىپ بېرىش ۋە دۈشمەننىڭ ھەرىكەت نىشانىنى ئېنىقلەش ئىدى. ۋەزىپەمنى ئورۇنلاپ بولدۇم-دە، يەنە كۆۋرۈك بويىغا قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللار خېلىلا ئازلاپ، پىيادىلەرمۇ شالاڭلاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېلىقى بوۋاي يەنىلا ئىلگىرىكى ئورنىدا مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ - دېدىم ئالدىغا بېرىپ.

— سان كارلوستىن كېلىشىم، - ئۇ جاۋاب بېرىۋاتقاندا چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

سان كارلوس بوۋاينىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى بولغاچقا بۇ نام تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا دىلى يايراپ كۈلۈپ قويغانىكەن.

— ئۇ چاغلاردا مەن جانىۋار بېقىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم، - دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرىپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ تېخى! - دېدىم مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمىسەممۇ.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن ئۇ يەردە جانىۋارلارنى بېقىش بىلەنلا ئۆتەتتىم. مەن سان كارلوس بىلەن خوشلاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمەن.

ئۇ قارىماققا نە پادىچىغا، نە ئۆيى قۇشلىرىنى باققۇچىغا ئوخشىمايتتى. مەن ئۇنىڭ توپا قونۇپ تۇرغان قارا كىيىملىرىگە، چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن قاش-كىرپىكلىرى-

گە ۋە كۆمۈش گەردىشلىك كۆزەينەككە تەئەججۈپ بىلەن قارىغىنىمچە سورىدىم:

— نېمە باققان ئىدىڭىز؟

— ھەر خىل جانۋارلارنى، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ھەي، ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيمىسامۇ ئامال قانچە!

مەن ئاسما كۆۋرۈككە، ئاندىن ئافرىقا تۇپرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېبرو① ۋادىسىغا لاپپىدە نەزەر تاشلىدىم. كۆڭلۈمدە دۈشمەنلەر قاچان كېلىپ قالاركىن دەپ ئەنسىرەيتتىم ۋە ئۇلارنىڭ بىرەر شەپىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتاتتىم. ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى سىرلىق جەڭنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەمما، بوۋاي بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمايدىغاندەك پەرۋاسىزلارچە ئولتۇراتتى.

— نېمە باققانتىڭىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ.

— ئۈچ خىل نەرسە، — دېدى ئۇ، — ئىككى ئۆچكە، بىر مۈشۈك، يەنە تېخى تۆت جۈپ كەپتەر.

— سىز ئۇلارنى تاشلاپ كەلگەنمۇ؟

— ھەئە، ئوق-زەمبىرەكتىن خالىي تۇرسۇن دەپ. ستارشىي لېيتېنانت ماڭا، ئوق-زەمبىرەكنىڭ ئادەمگە يۈز-خاتىرە قىلمايدىغانلىقىنى جېكىلىگەن.

— ئۆي-ماكانىڭىز يوقمۇ؟

— ھازىر ئۆي-ماكانسىز مۇساپىرمەن، — دېدى بوۋاي جاۋابەن، — بايا سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن جانۋارلاردىن باشقا ھېچنەرسەم يوق، مۈشۈككىنىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن جېنىنى جان ئېتەر. شۇغىنىسى، ئۆچكە بىلەن كەپتەرلىرىم نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئويلىسامالا ئىچىم سىيرىلىدۇ.

— سىياسەت بىلەن ئىشىڭىز كېلىشەمدۇ؟

— سىياسەتنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدى ئۇ خورسىنىپ، — بۇ يىل 76 گە كىردىم. بۈگۈن پىيادە ئون ئىككى كىلومېتىر يول باستىم، ئەمدى يەنە ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى.

— بۇ جايدا ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدىم ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بىر ئامال قىلىپ ماڭالىسىڭىز، تورتوساغا② تۇتىشىدىغان ئاچالدا قاتناش توسالايسىز.

— بىر ئاز دەممىنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن ماڭاي، — دېدى ئۇ، — قاتناش نەگىچە بارىدۇ؟

— بارسېلوناغىچە.③

— ئۇ يەردە بىرەر-يېرىم تونۇش-بىلىشىمۇ يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ.

بوۋاي ھارغىن قىياپەتتە ماڭا قاراپ ماڭۇۋېپلا قالغانىدى. سەلدىن كېيىن ئۇنىڭ دەرد تۆككۈسى كېلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مۈشۈكتۇ مەيلى، ئىشەنچلىك، ئۇنىڭدىن غەم قىلمايمەن. لېكىنزە، ئېيتىپ بېقىڭا، باشقىلىرى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟

— ئۇلارمۇ بەلكىم ساقتۇر.

— سىزچە شۇنداقمىدۇ؟

— ئەلۋەتتە، — مەن جاۋاب بەرگەچ يىراقتىكى دەريا قىرغىقىغا نەزەر سالدىم. كىشىلەر بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن غايىب بولۇشقان بولۇپ، ھەتتا يېتىپ قالغان قارا ماشىنلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— بىراق، ئۇلار ئۇرۇش ئوتىدىن قورقۇپ

① ئېبرو — ئىسپانىيە بويىچە ئەڭ ئۇزۇن دەريا.
② تورتوسا ئىسپانىيىنىڭ تاللاگونا ئۆلكىسىدىكى شەھەر.
③ بارسېلونا — ئىسپانىيەدىكى ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى.

يۈرىكىنىڭ قېپى چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن قولۇڭغا قورال ئال، دەپ مېنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى.

— كەپتەرلەرنىڭ قەيىرىنى ئېتىپ قويمىغان بولغىيتىڭىز؟ - سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— ئەتمىگەن.

— ئۇنداقتا، ئۇلار ئۇچۇپ كەتكەندۇ.

— دۇرۇس، ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ ... - دېدى ئۇ، - لېكىن، ئۆچكىلىرىمچۇ؟ ھەي، بولدىلا ئارتۇقچە ئويلىمايلا قوياي!

ئۇ ئورنىدىن تەستە قوپۇۋېتىپ دېدى:

— سىزگە كۆپ رەھمەت!

بوۋاي چۆيۈندەك ئېغىر قەدىمىنى ئالا-ئالمايلا كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى-دە، ئاخىر توپىلىق يول چېتىدە يەنە ھالسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئۇ چاغلاردا ئۆي ھايۋانلىرىنى باقاتتىم، - ئەمدى ئۇ ماڭا ئەمەس، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا باشلىغانىدى، - ئەتىدىن كەچكىچە ئۇلارنى بېقىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم.

شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىقتىن بۆلەك ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمەيتتىم.

بۇ روژدېستۋو بايرىمىغا توغرا كەلگەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. فاشىستلار قوشۇنى ئېبرو دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ھاۋا شۇ قەدەر تۇتۇق ئىدىكى، ھەتتا فاشىستلارنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ ئۇچۇشقا ئامالسىز قالغانىدى.

ئاسماندا كۆرەشچى ئايروپىلانلار ئۇچالمىسا، ئۇنىڭ مۇشۇكىمۇ جېنىنى ساقلاپ قالالايتتى. ھاۋانىڭ مۇشۇنداق ئوسال بولۇشى، بەلكىم بوۋاي ئۈچۈن ئەڭ زور ئامەتتۇر.

# يامغۇردا قالغان ئاسلان

سارايغا چۈشكەنلەر كېتىپ، پەقەت ئامېرىكىلىق ئىككى مېھمانلا قېپقالغانىدى. ئۇلار پەلەمپەيدىن چىقىپ-چۈشكىچە ئۇچرىغان ھەر قانداق بىرسى بىلەن سالام-سائەت قىلىشماستىن كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى. ئۇلار دېڭىزغا قارىتىپ سېلىنغان ئىككىنچى قەۋەتتىكى خاس ھۇجرىغا ئورۇنلاشقانىدى. دېرىزىدىن باغچا ۋە ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باغچىدا باغجانلاپ ئۆسكەن پالما ھەمدە يېشىل ئۇزۇن ئورۇندۇقلار بار ئىدى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ھەمىشە ئۇ يەردە رەسىم جاھازىسى كۆتۈرۈۋالغان رەسساملاردىن بىرەرسى پەيدا بولۇپ قالاتتى. رەسساملار ئاسمانغا تاقاشقان كۆركەم پالمىلارغا، باغچا ۋە دېڭىزغا روبرو سېلىنغان بۇ سارايىنىڭ ئوچۇق رەڭگىگە مەپتۇن بولۇشاتتى. ئىتالىيىلىكلەر يىراقلاردىن ئاتايىن كېلىپ ئاشۇ قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىنى كۆرۈپ كېتىشەتتى. مىستىن ياسالغان ئۇ مۇنارلار يامغۇردىمۇ يارقىن جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەتىگەندىن بېرى توختىماي يامغۇر يېغىۋاتاتتى. شۇ تاپتا، يامغۇرلار پالمىنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىغا تاراسلاپ چۈشۈپ، ئاندىن چېپىلداپ يەرگە تامچىلىسا، شېغىل يولنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىگە يىغىلىپ كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلاتتى. چېلەكلەپ قويۇلۇۋاتقان يامغۇر قوشۇلغان دېڭىز تۈرۈلۈپ كېلىپ ساھىلغا ئۇرۇلاتتى-دە، پەسىيىپ

ئارقىغا قايتاتتى. سەلدىن كېيىن يەنە
تۇرۇلۇپ كېلىپ ساھىلغا يامرايتتى. قەھرد-
مانلار خاتىرە مۇنارىنىڭ يېنىدىكى مەيدانغا
توختىتىپ قويۇلغان ماشىنلار ئاللىقاچان كېتىپ
قېلىشقانىدى. مەيدان قارشىسىدىكى رېستو-
رانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر كۈتكۈچى
ئادەمسىز، قۇپقۇرۇق مەيدان تەرەپكە قاراپ
ئۆرە تۇراتتى.

ئامېرىكىلىق خانىم دېرىزىدىن سىرتقا
زەڭ قويۇپ سەپسالاتتى. دەل شۇ دېرىزە
تۈۋىدە، بىر ئاسلان تامچە ئۆتۈۋاتقان
يېشىل شىرە ئاستىغا كىرىۋېلىپ تۈگۈلۈپ
ياتاتتى. ئۇ ئاسلان يامغۇردىن دالدىنىپ
ئەنە شۇنداق بولۇشىغا تۈگۈلۈۋالغانىدى.

— مەن ئۇ ئاسلاننى تۇتۇپ چىقاي، -
دېدى ھېلىقى ئامېرىكىلىق خانىم.

— مەن تۇتۇپ بېرەي، — دېدى
كارىۋاتتىكى ئېرى.

— بولدى، ئۆزۈملا تۇتاي، تالا-تۈزدە
قالغان ئۇ بايقۇش يامغۇردىن قېچىپ شىرە
ئاستىغا كىرىۋاپتۇ.

ئېرى كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.
ئۇ، بېشىغا ئىككى ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ،
كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياتاتتى.

— يامغۇردا چۆپ-سۆزمە بولۇپ كەت-
مەڭ- يەنە! — دېدى ئۇ كىتابتىن كۆز
ئۈزمەي تۇرۇپ.

خانىم ئىشكتىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن
پەسكە چۈشتى. پوكەي ئالدىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقىنىدا، ساراي خوجايىنى دەررۇ
ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېگىلىپ سالام
بەردى. ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلى پوكەينىڭ
نېرىسىغاراق قويۇلغانىدى. ئۇ، دارازا بوۋاي
ئىدى.

— يامغۇر تېخىچە يېغىۋېتىپتۇ-دە![1] —
دېدى خانىم، ئۇ سارايۋەننى ياقتۇرۇپ
قالغانىدى.

— شۇنى دېسىڭىزچۇ، خانىم، ھاۋا بەك
ناچار.[2] زادىلا ياخشى ئەمەس.

ئۇ، خىرە ئىشخانىنىڭ بىر چېتىدىكى ئىش
ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇراتتى. بۇ
خانىم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ،
بوۋاينىڭ مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان ئادەتتىكى
غۇدۇراشلارغىمۇ ئېتىبارسىز قارىمايدىغان
ئەستايىدىللىقىغا ئىچى كۆيەتتى. كەسكىن
پوزىتسىيىسىنى ياقتۇراتتى. خانىمغا بولغان
يەكدىللىقىغا قايىل ئىدى. ئۆزىنى ساراي
خوجايىنلىرىغا خاس سالاپەت بىلەن تۇتۇپ
يۈرۈشلىرىگە ھەۋىسى كېلەتتى. قېرىلىق
يېتىپ قالغان بولسىمۇ ئىسكەتتىدىن كەتمىگەن
ئىسسىق چىرايى ۋە چوڭ-چوڭ قوللىرىغا
ھېرىس قىلاتتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ بوۋاينى ياقتۇرۇپ قالغانلىق-
نى ئويلىغاچ ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قارىدى.
يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. باغچىدا
رېزىنكە يامغۇرلۇق كىيىۋالغان بىر كىشى
بوش قالغان مەيداننى كېسىپ، رېستوران
تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئاسلان ئۇنىڭغا
يېقىنلا جايدىكى ئوڭ چەتتە بولۇپ،
لەمپىنىڭ دالدىسى بىلەن بېرىشقا توغرا
كېلەتتى. بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا، كىمدۇر
بىرى كۈنلۈكنى شارتتىدە ئېچىپ، كەينىدىن
ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرىلاپ تۇتتى. بۇ ئەسلى-
دە ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئالىدىغان كۈتكۈچى ئىدى.

— يامغۇردا قېلىشىڭىزغا بولمايدۇ، -
دېدى ئۇ ئىللىقىنە كۈلۈپ ئىتالىيان تىلىدا.

ئېنىقكى، ئۇنى ھېلىقى خوجايىن ئەۋەت-
كەنىدى.

ئۇ، كۈتكۈچىنىڭ كۈنلۈك تۇتۇپ بېرىشى
بىلەن تاشيول بويلاپ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان
خانىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە يېتىپ كەلدى.

ھېلىقى شىرە مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى يامغۇردا يۇيۇلۇپ، تېخىمۇ قېنىقلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇغىنىسى، ھېلىقى مۇشۇكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مەيۈسلىنىپ قالدى. كۆتكۈچى ئۇنىڭغا سىنچى نەزەرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— خانىم نېمىڭىز يوق؟ ③

— تېخى ھازىرلا بۇ يەردە بىر ئاسلان بار ئىدى.

— ئاسلان؟

— ھەئە، ئۇ ئاسلان قېچىپ كېتىپتۇ. ④

— ئاسلان؟ - دېدى كۆتكۈچى كۈلۈپ، - يامغۇردا قالغان ئاسلانمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى خانىم، — شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتىكەن، — بىرئازدىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! ماڭا شۇ ئاسلان كېرەك ئىدى.

ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتقاندا، كۆتكۈچى ئايالنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— يۇرۇڭ خانىم، - دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ، - كىرىپ كېتەيلى، بولمىسا ئۈستىڭىشىڭىز ھۆل بولۇپ كېتىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم، - دېدى ئامېرىكىلىق ياش خانىم.

ئۇلار ئۆزلىرى كەلگەن تاشيول بىلەن قايتىشتى. كۆتكۈچى ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە كۈنلۈكنى يىغىۋالدى. ئامېرىكىلىق خانىم پۇكەي ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خوجايىن ئىش ئۈستىلىنىڭ نېرىسىدا تۇرۇپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى. ئۇ بۇنى ئارتۇقچە بىر ھەرىكەتتەك ھېس قىلدى ۋە ئۆزى ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك بولدى. خوجايىن ئادەتتىكى ئەرزىمەس ئادەمدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قالتىس ئادەم ئىدى. ئۇ، شۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭمۇ ئادەتتىكى ئاياللاردىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىقتى. ئىشىكنى ئاچتى، كېيورگى كارىۋاتتا ئاۋۋالقىدەك كىتاب ئوقۇپ ياتاتتى.

— ئاسلاننى تۇتقىلى بولدىمۇ؟ - سورىدى ئۇ كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ.

— قېچىپ كەتتى.

— نەگىمۇ قېچىپ كېتەر؟ - دېدى ئۇ كۆزلىرىنى بىر ئاز دەم ئالدۇرماقچى بولغاندەك يۇمۇپ.

ئۇ كارىۋات لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇ ئاسلاننى بەكلا تۇتۇۋالغۇم بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — نېمىشقا شۇنداق تۇتقۇم بارلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەن ئۇ بىچارە ئاسلاننى تۇتۇۋالغان بولسام ياخشى بولاتتى. يامغۇردا قالغان ئۇ بايقۇشنى قاراپ تۇرۇپ تالادا تاشلاپ قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس.

ئۇ گىرىم جاھازىسى ئالدىغا ئۆتتى-دە، قولىغا ئالقاندەك سىن ئەينەكنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئەكسىگە سەپسېلىشقا باشلىدى. دەسلەپ بىر يۈزىگە، ئاندىن يەنە بىر يۈزىگە، ئاخىرىدا بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى ھەمدە گەجگىلىرىگىچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى.

— چېچىمنى قويۇۋەتسەم، سىزچە يارىشارمۇ؟ - ئۇ سوراۋېتىپ ئۆزىنىڭ سۈنغان ئەكسىگە يەنە قاراپ قويدى.

كېئورگى ئۆنىڭ گەجگىسىدىكى ئوغۇل-لارنىڭكىگىلا ئوخشايدىغان كالتا چېچىغا نەزەر تاشلىدى.

— مەن مۇشۇ چېچىڭىزنى ياخشى كۆرمەن.

— بىراق مەن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم، - دېدى ئۇ، - بەئەينى ئوغۇل بالىنىڭ چېچى، خويمۇ تويدۇم.

كېئورگى كارىۋاتتىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى. ئۇ، ئايالى ئۆزىگە گەپ قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى.

— بۇ چېچىڭىز قەۋەتلا يارىشىپتۇ، بەك چىرايلىقلىشىپ كېتىپسىز، - دېدى ئۇ.

ئايالى قولىدىكى ئەينەكنى كىرىم جاھازىسىغا تاراقىدە تاشلاپ قويدى-دە، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى. ئاستا-ئاستا گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

— چېچىمنى رەتلىك ھەم سىلىق تاراپ ئارقىسىغا تۈگۈۋالسام، قوللىرىمغا ئورۇلۇپ تۇرسا، — دېدى ئۇ ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ، — ئاسلاندىن بىرسى قۇچىقىمغا چىقىپ تىزلىرىمغا ئولتۇرسا، ئۇنى سىلىسام مياڭلاپ بەرسە.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ كارىۋاتتا تۇرۇپ.

— يەنە تېخى كۈمۈش قاچىدا تاماق يېسەم. تۇك ئەمەس، شام ئىشلەتسەم. ھازىر گۈزەل باھار پەسلى بولغان بولسا، ئەينەككە قاراپ چىرايلىق ياسىنىپ-تارانسام. يېنىمدىن ئايرىلمايدىغان مۈشۈكۈم، كىشلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك بىر نەچچە قۇر يېڭى كىيىم-كېچەكلىرىم بولسا...

— بولدى قىلىپ قۇرۇق گەپنىڭ ئورنىغا بىر نەرسە ئوقۇسىڭىزچۇ! — دېدى كېئورگى سەل چېچىلىپ. ئۇ يەنە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئايالى ئىلگىرىكىدەكلا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى. ئەمدى كۆز باغلانغانىدى. يامغۇر يەنىلا پالما ياپراقلىرىغا تاراسلاپ سوقۇلاتتى.

— قانداقلا بولمىسۇن، ماڭا بىر مۈشۈك بولسا بولاتتى، —دېدى ئۇ، — ماڭا مۈشۈك كېرەك، بىر مۈشۈك زۆرۈر. ناۋادا، ئۇزۇن چېچىم، كۆڭۈل ئاچىدىغان بىرەر ئەرمىكىم بولماي مۈشۈكۈم بولغان بولسىمۇ بىر نۆرى ئىدى.

كېئورگى ئۇنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلماستىن كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋەردى. ئايالى داۋاملىق سىرتقا قاراپ تۇراتتى. باغچا مەيدانىدىكى چىراغلار يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ يانغانىدى.

بىرسى ئىشىكنى چەكتى.

— كىرىڭ.[5] — دېدى كېئورگى. ئۇ كىتابىن باش كۆتۈردى.

ئىشىك تۈۋىدە ھېلىقى كۈتكۈچى ئايال تۇراتتى. ئۇ تازىمۇ يوغان تاغىل بىر مۈشۈكنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغانىدى. مۈشۈك ئۇنىڭ بوشىغان قولىدىن لىككىدە سەكرەپ چۈشتى.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئايال، — خوجايىن بۇ مۈشۈكنى خانىمغا ئەكىرىپ بېرىشكە جورىغانىدى.

---

①②③④⑤: بۇ دىئالوگلار ئەسلى ئەسەردە ئىتالىيان تىلىدا بېرىلگەن.

**ئەسەر ھەققىدە:**

«كۆۋرۈك بويىدىكى بوۋاي» ھېمىڭۋاينىڭ ئۇرۇش تېمىسىدىكى نادىر ھېكايىلىرىنىڭ بىرى. پۈتكۈل ھېكايە يەنە بىر قەۋەت يۇققا ئۆلۈم تۇمانلىرى بىلەن ئورالغان. خۇددى ھازىر ئادەمدەك قارا كىيىنگەن بوۋاي بىر پۇتىنىڭ كۆرگە ساڭگىلاپ قالغىنىغا قارىماي ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، يىراقلاردىن پىيادە مېڭىپ كۆۋرۈك بويىغا مىڭبىر تەستە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى خاتىرجەم تۇرمۇشىنى، ئەزىز دىيارىنى، ئىللىق ئۆي-ماكانىنى، غېرىب، مىسكىن قەلبىگە ئاراملىق بېرىدىغان مۈشۈك، ئۆچكە، كەپتەرلىرىنى، قىسقىسى كۆرەشسىز تىنچ ھاياتىنى تولىمۇ سېغىنىدۇ. ئۇ، ئەنە شۇ جانۋارلىرىنىڭ تىنچلىقى (ماھىيەتتە، جانۋارلار بوۋاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقىي ئۇرۇشنىڭ سىمۋولى) ئۈچۈن ئاداققىچە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر. فاشىستلار قوشۇنى باستۇرۇپ كېلىش ئالدىدا، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئاسما كۆۋرۈك بويىدا قېلىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىرغاق بىخەتەر بولسىمۇ ناتونۇش، يوچۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ كەلگۈسى نىشانسىز، قورقۇنچلۇق...

بۇ ھېكايىنى ئاپتورنىڭ قىسقىغىنە قەلب مونولوگى دېيىش مۇمكىن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەسەردىكى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى زىددىيەتلىك روھىي-ھالىتىنىڭ كونكرېتلىشىشى ياكى سىمۋوللۇق تۈستە ئىپادىلىنىشى.

«كۆۋرۈك بويىدىكى بوۋاي» دا، قىسقىسى شەپقەتسىز ئۇرۇشنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى جاراھەتلىرى، جىسمانىي ۋە روھىي تەناھلىقلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

ئەسەردىكى «مەن» بوۋاي بىلەن سۆھبەتلىشىش، بوۋاينىڭ روھىي-ھالىتىنى ئېچىش نۇقتىسىلا ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان جەڭدىن بىشارەت بەرگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ھېكايە قۇرۇلمىسىنى كۆپ لىنىيە، كۆپ قىر ياكى ستىرېئولۇققا ئىگە قىلغان.

«يامغۇردا قالغان ئاسلان» مۇھەببەت تېمىسىدىكى ھېكايە. بۇ ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەلۋەتتە ئىلگىرىكى ھېكايىگە تامامەن زىت — ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچ تۇرمۇشنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما، ھېمىڭۋاي-نىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك: «تىنچلىق، ئۇرۇشنىڭ داۋامى» سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ يەنىلا كۆرەش قىلىشىنى كۆتىدۇ.

شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقان كۈنلەردە، ئامېرىكىلىق خانىم يامغۇردا قالغان ئاسلاننى تۇتۇۋالماقچى بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ خانىمنىڭ ئاسلانغا ھېسداشلىق قىلىشى، ئىچ ئاغرىتىشى ياكى قانداقتۇر ئالىيجانابلىقى — رەھىمدىللىكى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قارىماققا تولىمۇ تىنچ، بەختىيار، ئەمما ئەمەلىيەتتە شارقىراپ ياغقان يامغۇر قوشۇلغان دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ، چىدىغۇسىز ئىچكى ئازاب (چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى قىلچە چۈشەنمەيدىغىنى ئېنىق) ياكى تەناھلىقتىن قۇتۇلۇپ، پاك، غۇبارسىز ئانا تەبىئەتنىڭ جانلىق بىر قىسمى بولغان «مۈشۈك-ئاسلان» ئارقىلىق شېكەستىلەنگەن قەلبىگە بەرھەم تېپىش ئىستىكى بولغانلىقىدىندۇر.

بۇ ھېكايىلەردە ھېمىڭۋاينىڭ ئۇسلۇبى نامايان قىلىنغان. شۇڭا، بۇ ھېكايىلەر مەلۇم ئورتاقلىققا ياكى يېقىنلىققا ئىگە:

ئارتۇقچە مۇلاھىزە، چۈشەندۈرۈش ۋە تەسۋىرلەردىن خالىي؛ ئەسەر تىلى تېلېگراممىشەكىللىك بولۇپ، تولىمۇ ئىخچام ھەم دەل.

بۇ ھېكايىلەر ھېمىڭۋاينىڭ «مۇز تاغ ئىجادىيەت پرىنسىپى» ئاساسىدا يېزىلغان، يەنى ئاپتور بوۋاينىڭ كۆۋرۈك بويىغا نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغىنىنى، نەگە ماڭغىنىنى، كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، گېئورگىنىڭ نېمىشقا مېھمانخانىدا ئەتىدىن-كەچكىچە باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنى... دەك بىر قاتار سەۋەب-نەتىجىلىك تاشقى، يۈزەكى ھادىسىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بوۋاي، ئاسما كۆۋرۈك، قارا كىيىم، يۈك ئاپتوموبىللىرى، بوۋاي كېتىۋاتقان ئەمما يوچۇن بولغان ئۇ قىرغاق؛ شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر، ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز، يامغۇردىن قېچىپ تۈگۈلۈپ ياتقان ئاسلان، مېھماخانا خوجايىنى كۆتكۈچىدىن ئەۋەتكەن مۈشۈك... كە ئوخشاش بىر قاتار سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ھېسسىي ئوبرازلار، ئىماگلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن كۆركەم ئىككى پارچە رەسىمنى سىزىپ، شۇ رەسىمنىڭ ئۆزىنىلا كىتابخاننىڭ ئالدىغا قويغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، كېيىنكى ئەسەردە ئالدىنقىسىدەكلا رەسىم ئېلېمېنتى قويۇق بولسىمۇ، يەنىلا مۇزىكىلىق كەيپىيات ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، كىتابخان ئۇنىڭدىن بىرەر مەركىزىي ئىدىيىنى ئىزلەش، بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىش ۋە بەدىئىي دىتىغا قاراپ شېئىرىي تۇيغۇغا ئېرىشەلىسىلا كۇپايە. چۈنكى، «يامغۇردا قالغان ئاسلان» دا باش پېرسوناژ ئامېرىكىلىق خانىمنىڭ ھەتتا ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ بولغان يوشۇرۇن ئېڭى، سىرلىق روھىي كەيپىياتىلا ئىپادىلەنگەن، خالاس.

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «ھېمىڭۋاي تاللانما ھېكايىلىرى» ناملىق توپلامىدىن)

(بېشى 83-بەتتە)

ئاپتور ئايالارنى، بولۇپمۇ دەۋرىمىز ئاياللىرىنى ئۇيغۇر ئاياللىرى پسىخىكىسىنى تازا چۈشىنىسە كېرەك. شۇڭا ئۇ ئىنسانلار روھىنىڭ ئېنژېنېرى بولغان گۈلسىما بىلەن خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان كىشلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتقۇچى ئارتىسكا نۇرسىمانىڭ ئوبرازىنى چىن، ئىشىنەرلىك قىلىپ ھەققىي سۈرەتلەپ بېرەلىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ ھېكايىدە يازغۇچى يەنە يۈزۈش-تۇرۇشى زامانغا لايىق، ئەركىن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بىمالال ئىپادىلەيدىغان ئارتىسكا نۇرسىما ئوبرازىنى يارىتىقاندىمۇ مىللىي ئۆرپ-ئادەت نۇقتىسىغا توغرا كەلمەيدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇنىڭغا تېڭىپ قويغان. ئەسەردىكى ئوبرازلار كىتابخانلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار سۇنئىي گەۋدىگە ئايلىنىپ قالغان.

قىسقىسى، «قىرچىنتال» ھېكايىسى قولنىڭ ئۇچىدىلا يېزىلغان، چىنلىق توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. شۇڭا پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ئىجتىمائىي ئورنى، ئەخلاق-پەزىلىتى، پسىخىكىسىنى توغرا سۈرەتلەپ بېرەلمىگەن.

ئەيىب، كەمتۈك، ناكا تۇغۇلغان بوۋاقنى ھەرقانچە پەدەزلەپ ئۇنى چىرايلىق بېزەلگەن ئالتۇن بۆشۈككە بۆلىگەن بىلەنمۇ يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى.

دېمەك، بۇ ھېكايىنى پەقەت مىكرو جەھەتتىن كۆزەتكەندە ئۇ كىتابخانلارغا خۇددى بىر ئۇستاكان قايناقسۇ ئىچكۈزگەندەكلا تەسىر بېرىدۇ، خالاس.

# مېڭ خاۋرەن شېئىرلىرىدىن

## ياسىن ئاۋازى تەرجىمىسى

**تەرجىماندىن:** مېڭ خاۋرەن (مىلادى 689-740-يىللار) شياڭياڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەركىدۇنيا زاھىتلىقنى راۋا كۆرمىگەن ئەمما ئۆمۈرۋايەت تەركىدۇنيا بولۇپ زاھىتلىق بىلەن ئۆتكەن شائىردۇر. ئۇ قىران دەۋرىدە تالاي - تالاي جايلارنى كېزىپ ساياھەت قىلغان، 40 يېشىغىچە شياڭياڭنىڭ يېنىدىكى لومېنشەن دېگەن جايدا بىلىم ئالغان ۋە شېئىر-نەزمە يازغان. ئۇ 40 يېشىغا يەتكەندە شۇ چاغدىكى پايتەخت بولغان چاڭئەنگە بېرىپ بىرەر مەنسەپكە ئېلىنىپ قىلىش كويىدا بولغان بولسىمۇ ئىمكانىيەت بولماي قايتىپ كەلگەن.

مېڭ خاۋرەن گەرچە ئورمانلىقلاردا زاھىتلىق قىلىپ ياشىسىمۇ، ئەينى ۋاقىتلاردىكى ساراي ئەمەلدارلىرىدىن بولغان جياڭ جيۇلىڭ، خەن يۈي ۋە باشقىلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقان؛ ۋاڭ ۋېي، لى بەي، ۋاڭ چاڭلىڭ قاتارلىق شائىرلار بىلەن نەزىرە ۋە مۇشائىرىلەر يېزىشقان. 52 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن مېڭ خاۋرەندىن «دىۋانى مېڭ خاۋرەن» دېگەن ئەسەرلەر توپلىمى قالغان.

مېڭ خاۋرەننىڭ شېئىر-نەزمىلىرى ئۇنىڭ شەخس ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىزھار قىلغان بولۇپ، كۆپىنچە ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىگە يېپيېڭى پۇراق ئېلىپ كەلگەن ھەمدە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مايىللىقىغا نائىل بولغان.

ئۇ پىنھان جايدىكى مەنزىرىلەرنى، شەخسنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ۋە دەرد-ئەلەملىرىنى بەش بوغۇملۇق شېئىرىي شەكىل بىلەن قايتا-قايتىلاپ تەسۋىرلەشكە تولىمۇ خۇشتار ئىدى.

مېڭ خاۋرەن تاڭ دەۋرىدە تاغ-دەريا مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىر-نەزمىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغۇچى ھەمدە شۇ دەۋردىكى تاغ-دەريا شېئىر-نەزمىسىگە چوڭ تۆھپە قوشقۇچى داڭلىق شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ ئۇستازى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساياھەتنامىلىرى كارامەت ئوبدان چىققاچقا، ھازىرغا قەدەر كەڭ تارقىلىپ كەلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمىز.

### باھار ئەتىگەنلىكى

ئۇيقۇلۇق، سەزمەپتىمەن ئېتىپتۇ تاڭ،<br>
كەلتۈرۈپتۇ قۇشلارمۇ ئەتراپنى چاڭ.<br>
تۈن بويى ئەدەر ئىدى يامغۇر-يېشىن،<br>
قانچىلىك ياپراق-چېچەك چۈشكەنىكى تاڭ؟!

## ياز ئاخشىمى دالاندا شىن زىنى① ئەسلەش

بىردىنلا ئۇلتۇردى تاغقا زەر قۇياش،
مەشرىقتە تولۇن ئاي كۆلدىن ئالدى باش.

زەپ ھۇزۇر چېچمنى مۇرەمگە تاشلاپ،
كۆزنە كلەر ئېچىلغان، بۇندا سالقىنلاش.

نىلۇپەر ھىدىنى يەتكۈزدى شامال،
بامبۇكتىن ئاڭلىنار شەبنەم تامچىلاش.

خۇش ناۋا قىلماقنى خىيال ئەيلىدىم،
ھەسرەتا، بولمىدى يېنىمدا سىرداش.

ئۇشبۇ چاغ رەپىقىم مېھرى ماڭا يار،
مۇناسىپ تۇنبويى چۇشۇمدە ئۇيلاش.

## كۆز مەزگىلى ۋەنشەن تېغىغا چىققاندا

تاغ ئۇرە ئاق بۇلۇت ئۈزەر بىتىنىم،
خۇررەملىك ئىلكىدە يايرىدى تېنىم.

ئېگىزگە ياماشتىم يىراق باققىلى،
تۇرنىلار قاتارى ئۇچتى يۇرىكىم.

(جاك ۋۇغا② ئاتاپ)

ھاياجان ئۇرغۇيدۇ كۆز زىنىنىشدىن،
گۇكۇمنىڭ سۇرىدىن قوزغالدى غېمىم.

ئاۋۇلغا قايتقانلار قۇملۇقنى بېسىپ،
كېچكتە توختاشتى، پەس باققان چېغىم.

---

① شىن زى — مىڭ خاۋرەنىنىڭ دوستى.
② جاك ۋۇ — مىڭ خاۋرەنىنىڭ دوستى.

بۇيىدەك بىلىندى ئۇپۇقتا دەرەخ،
قاشتىكى قېيىقىم ھىلال ئاي چېنىم.

كېلەرسەن بۇياققا قاچان مەي ئېلىپ،
ئايەمدە ئىچىشكە قويىماي بىر تېمىم.

## كەچ پەردىسى يېيىلغاندا نەنشەنگە قايتىش

شىمالدا تەلەپۇ خەتنى توختاتتىم،
جەنۇبىي تاغدىكى كەپەمگە قايتتىم.

ناقابىل ياقىمدىم ئاقىل غوجامغا،
چەتلەشتى دوستلىرىم، كۆپ كېسەل تارتتىم.

كونا يىل ئۆزىنغاي باھار بىلەن تەڭ،
ئاقچاچلە قېرىلىق مەنزىلى چاپتىم.

قارىغايلىق ئاي نۇرى خىرە كۆزنەكتە،
بىنەزىر دەرد ئىلە تولغىنىپ ياتتىم.

## ۋاڭ ۋېي بىلەن خوشلىشىش

ھەر كۈنى چىقسام يانارمەن قۇل قۇرۇق،
نېمىگە ئەمدى يەنە ئولتۇرغۇلۇق.

خۇش پۇراق گۈللەر ئارا كېتەي دېسەم،
قىيمىغاي كۆزۈم ئەجەب سەن توغرۇلۇق.

سوزمىدى ھېچ يول توسار ھىممەتتە قول،
سىردىشىم سەندەك جاھاندا ئۆزگە يوق.

مەنىسىز كۈن ئۆتكۈزۈشكە قىسمىتىم،
جايىمغا كەتمەككىلا يولۇم ئوچۇق.

---

جيەندي — ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جيەندي ناھىيىسىدىكى دەرىيا.

# تەرمىلەر

ئېچىلماقتا غۇنچىلىرى سايەڭنىڭ.

*

كەھرىۋادەك ساپ دىلىمغا پىنھان
كىرگەن سېھىرلىك ئالۋۇن.

*

چەكسىز يېيىلغان شەكىلسىز تېنىڭ.

— ئۆمەر نىياز چاڭموزا

*

ئىھ، ۋەيرانە قارنىڭ قەبرىسى
ئېرىپ كەتتى قىزلار سىنىگدە...

....

ئازاب چەككەن قەلبىم مەقبەرى
قوبۇل قىلدى ماتەم گۈلىنى.

— ئەسقەر ياسىن

*

يادلىنىدۇ چۈش كەبى سەرسان قۇشلار
ئاۋازى،
تىمتاس ئورمان ئارىسى كويغا تولغان
ئاشۇ چاغ.

— بۇخەلچەم ئەمەت

ئەكچىگەن تەنلەردە ئازابنىڭ مۇزدەك
سۇلىرى،
ئېيتقىنا قەيەردىن كەلدى ئۇ باھار؟

*

كىملەر ئۇ يېشىدىن تولدۇرۇپ قەدەھ
يىغلاتقۇ قەلبىمگە تۆككەن كېچىدە؟

— ئارمان

مەن دۇنياغا قارىسامۇ گۇماندا
بىر ساڭىلا گۇمان قىلماي ئىشەندىم.

— غەيرەت تۇنىياز

قۇياشنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە دەريا،
سەھەرنىڭ يولىدا باسمىغان ئىز بار.

*

قۇشلار ئەسلى ئادەم يۈرىكى
ئۇ بىزلەرنىڭ ئەمەس ئەمدى ھەم.

*

ۋەتەن، تارىخ، ئېتىقاد ۋە ھەممىسى
ۋۇجۇدۇمدۇر چەكسىزلىكتە بولۇنغەن.

— كۆرەش

باللىقىنىڭ بارمىقى
چېكىپ روھىم دېرىزىسىنى
يېلىنجاتتى يالقۇنىنى جېنىمنىڭ.

*

مىراس قالغان شۇ تونۇش ھاسا
دەرەخ بولۇپ تۇرار كۆكلەپ.

— ئابلىز ئوسمان

ۋاقىت تولۇپ كەتتى دۇنياغا،
ئىشلەتكىلى ۋاقىت يوق ئەمما.

— تۇرغۇنجان تۇرسۇن

*

شائىرنىڭ ئىسمىنى سورىدى موللا:
— ھەقىقەت!
— ھەقىقەت؟! — كۈلدى مېھمانلار.
— تاپتىلا بۇ ئاتنى نەدىن، ياللا.
ئاجايىپ ئات ئىكەن،
يېڭى-يات ئىكەن،
ئەپسۇسكى بۇ ئاتنى چاقىرماق قىيىن.

— توختى مۇھەممەت تۇردى

بەكمۇ يىراق قەلبىم تەكتىگاھىدا
يالغۇزلۇقۇم يۇمدى كۆزىنى.

— پەرھات باھايىدىن

تىمتاسلىقنى شۇمۇرگەن شەبنەم،
تۇمانلارغا ئېرىپ كەتكەن كۈن.

*

ئادەم ئۇ ئۆمرىگە ئىچىنغان مەخلۇق،
ئادەم ئۇ تەقدىرنى ياراتقان ئىلاھ.

*

كىبلە تىنىڭ قەلبىمگە يىقىلاپ ئاستا.

— ئەنۋەرجان سادىق

سەن ماڭا، مەن ساڭا تۇتاشقان بىر
يول،
ياتامسەن ئېھ سەنمۇ مەندەك قاغجىراپ؟

*　　　　*

ئەينىكىمگە شەكلىڭنى سىزىپ،
ئۆزگەرتەمسەن مېنى ئۆزۈڭگە؟!

— ياقۇپ كېرىم

ئۆتەر ۋاقىت يېنىمدىن، ئەسلىرىمنى
ئوغرىلاپ،
بىر دەقىقە نىگاھتا ئايان ماڭا بىر
ئۆلۈش.

*　　　　*

قان رەڭگىگە كىرگەندە ياپراقتىكى
شەبنەملەر،
قاراسلىغان خىلۋەتتە ئىلاھلارنىڭ بېشىمۇ؟

*　　　　*

ئاق پەرلەرگە تويۇنغان ئۈمىد،
ئىسسىقىنە بىر ئوت تەپتىدىن.
سەبىي بالىدەك قالار سۆيۈنۈپ.

— ئالىمجان ئازات

قۇچاقلايمەن مىسكىن كېچىنى،
قۇچاقلايمەن سېنىمۇ قوشۇپ.

— مەخمۇتجان مۇھەممەت

*　　　　*

شۇ قەدەر بىچارە ئىككىنى يىللار
كۆز ياشتەك يۇرەككە تىنماي قۇيۇلار.

*　　　　*

ئۇنتۇلغان ئۆزۈمنى قىلدىم زىيارەت.

*　　　　*

روھىمۇ قاناتلىق پەرىشتە سىياق،
ئىزدەيدۇ چەكسىزلىك ئىچىدىن قىرغاق!

— مەڭلىك كېرەم

ئاھ، سەزگۈمدە ئۈچتۈك يىراقتا،
كەلدى يەنە ئاۋازىڭ يېقىن.

...

يېشىل كۆكلەم سېنىڭ ئاۋازىڭ.

— ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

ئىزدەيمەن مايىكىم تۇرساڭمۇ مەندە،
يىراقتىن-يىراقتا بولغاچ مېنىڭدىن.

— ئايبېك ئۆمەر

ئەتمەكتىمەن تور قاپلىغان غېرىپلىقىم
ئىشىكىنى.

*　　　　*

سۆيمەكتىمەن كۆرىكىمدىكى جاراھىتىنى
ۋاقتىنىڭ.

*　　　　*

سىڭىپ كىردىم قىپيالىڭاچ تەن-روھىڭنىڭ
ئارىسىغا.

— مۇتەللىپ ماڭسۇر

كىم كۆتۈرگەن چوغنى پاتمانچۇق —
كەبى يۇدۇپ چىقىپ دوزاختىن.

— ئابدۇرىشىت ھىمىت

شەبنەملەردە يۇيۇنغاندا تاڭ،
چوپان قىزلار كېتەر نۇرلىنىپ.

— تۇرانقىز ئابدۇراخمان

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ مەلۇمكى، مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش-يىغىلىش شەكلى. 1992-يىلى 11-ئايدىن بۇيان بورتالادىكى بىر تۈركۈم ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى، ھەۋەسكارلىرى ئىختىيارىي ھالدا يىغىلىپ «سايرام قەلەمكەشلىرى مەشرىپى» نى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلمەكتە. مەشرەپتە خىلمۇ خىل شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىشتىن سىرت، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى ئۆزلىرى يېڭىدىن يېزىپ ئېلىپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئۆزئارا بېرىشىدۇ. يېڭى ئەدەبىي ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ. بۇ خىل قەرەللىك ئاممىۋى يىغىلىشقا ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تاۋ دېمىڭ، مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەت سايىم قاتارلىق يولداشلار قىزغىن قوللاپ ئىلھام-مەدەت بەردى ھەمدە بىرقانچە قېتىم بۇ مەشرەپكە قاتنىشىپ مەشرەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆردى. ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى تەن فاڭخۇي مەشرەپنىڭ ئەھۋالىنى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «بورتالا گېزىتى» دە خەنزۇ تىلىدا تونۇشتۇردى. بىر يىل ئىچىدە بورتالادىكى كەڭ ئاپتورلارنىڭ 420 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. مەشرەپتىكى يولداشلار «تارىم»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 6-، 9-سانلىرىدا، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1-، 3-، 6-سانلىرىدا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار يەنە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق ئەدەبىي مۇھاكىمە يىغىنىغا جەمئىي 25 ئاپتورنى قاتناشتۇرۇپ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. بورتالا ئوبلاستىدا ئۇيغۇر تىلىدا ئەدەبىي ژۇرنال بولماسلىقتەك قىيىنچىلىق ئاستىدىمۇ ئۇلارنىڭ قازانغان بۇنداق زور نەتىجىلىرى ۋە قىزغىنلىقى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

**(تۇرسۇن ئىمىن، گۈلباغى)**

△ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە 93-يىلدا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

1. نۇرغۇن مەشھۇر ئەدىب ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت رەھبەرلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن «دېڭىزغا چۈشۈش»ى قىزغىن مۇنازىرىنىڭ نۇقتىسى بولدى.

2. مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىلىرى تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى.

3. مۇھاجىرلار ئەدەبىياتى جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولدى. «نيۇ-يوركتىكى بېيجىڭلىقلار»، «مەنخەتتېندىكى جۇڭگولۇق ئايال» قاتارلىق ئەسەرلەر بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇشتا يېڭى سەۋىيە ياراتتى.

4. جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى نەشر قىلغان لياڭ فېڭيىنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگو كىتابخانلىرى تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

5. شائىر گۇچېڭنىڭ قاتىللىق قىلمىشى ۋە ئۆلۈمى ھەر خىل مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى.

6. «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى تۆت يازغۇچى بىرلىشىپ

«جۇڭخۇڭ» تەخەللۇسىدا يېزىپ چىققان «جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق بىر يۈرۈش كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى» نىڭ جۇڭخۇڭنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشى يەنە بىر قېتىم زىلزىلە قوزغىدى.

△ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سابىق دېموكراتىك گېرمانىيە ۋە سابىق فېدېراتسىپ گېرمانىيە ئەدەبىياتلىرى ئاساسەن سىياسىي، ئىجتىمائىي بۇرچى كۈچلۈك ھەمدە ئەخلاقىي تۇسى قويۇق ئەدەبىيات ئىدى. گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشى تۈپتىن ئۆزگىرىشكە باشلىدى.


يېقىندا گېرمانىيە ئوبزورچىلىرى بەس-بەس بىلەن ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ مەنىۋى جاراھەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئىلگىركى ئەدەبىياتنىڭ ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى. ئۇلار، ھازىرقى دەۋر رېتىمىغا ماس كېلىدىغان، ئەنئەنىدىن ئۆزگىچە، ساپ ئىستېتىك پرىنسىپلارنى تۇرغۇزۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك دەپ قاراشتى ھەمدە سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ھەرقانداق تاشقى مەجبۇرىيەت، بويۇنتۇرۇق-ئاسارەتلەردىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، ئىستىتىزملىق يېڭىچە ئەدەبىيات يارىتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

△ 1993-يىلى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى قارا پىروزا يازغۇچىلىرى ئىسپانىيىگە يىغىلىپ، قارا پىروزىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ھەمدە ئۇنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى مۇھاكىمە قىلىشتى. كۆپلىگەن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى، قارا پىروزا قوللانغان «تراگېدىك رېئالىزم» پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە باش كۆتۈرۈپ، ۋاقتى ئۆتكەن گارسىئا ماركوس ۋەكىللىكىدىكى سېھرىي رېئالىزمنى بېسىپ چۈشتى دەپ قاراشتى.

مېكسىكا يازغۇچىسى، قارا پىروزا تەقرىزچىسى ئاندىرىس لوئىس: «لاتىن ئامېرىكىسىدا ياشاۋاتقان بىزلەر چەت ئەل پۇرىقىنى ئىپادىلىگۈچىلەر ئەمەسمىز. بىز يەنىلا لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ رېئاللىقىنى بايان قىلىمىز، قارا پىروزا بارغانچە كۆرۈنەرلىك ھالدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

ئىسپانىيە، شۇنداقلا مېكسىكىغا تەۋە يازغۇچى پاك يېگناشىئو تەيبو دادىل ھالدا «رېئالىزملىق سېھىر» دېگەن چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى، ئۇ سېھرىي رېئالىزم «كۈچ-قۇدرىتىنى يوقاتتى، ئەمدى بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز قالمىدى. ئۇ بىزنىڭ بەلگىمىز بولالمايدۇ، ئۇنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسىمۇ يوق» دەپ تونۇيدىكەن.

چىلى يازغۇچىسى لوئىس سېپولۋېدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «سېھرىي رېئالىزم ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ، بىر خىل كونا مۇقامغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بىزگە ئوخشاش كېيىنكى يازغۇچىلار ئۈچۈن ئەدەبىيات دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىۋەتتى. چۈنكى، بىزمۇ ئەگەردە < پارتلاش ئەدەبىياتى > يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدەك يازمىساق، يازغانلىرىمىزنى ئېلان قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى».



يەككە تىجارەتچى ئەركىن قۇتى ئائىلىسى

ئالىم خالىدىن فوتوسى

《天尔塔格》　文学双月刊

1994 年　第 2 期

Tangritag Two Monthly Literature
Journal In Uygur Language

« تەڭرىتاغ »
1994 ـ يىل 2 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电　话：218897　邮政编码：830002
印　刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号 C N65－1012／1
邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
« تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس : ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون : 218897 پوچتا نومۇرى : 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىياتى سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
( 782 ـ خەت ساندۇقى )
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 83 ـ 58

零 售 价：2.20元

بارچە سېتىلىشى : 2.20 يۈەن

# 新疆第三毛纺织厂


# شىنجاڭ 3 - يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى











مەھسۇلات تۈرى:
ھەرخىل رەڭلىك سارجىلار،
گۈل بېسىلغان مەيسىلىن ۋە
ھەرخىل گۈل بېسىلغان
مەھسۇلاتلار

产品：

各种呢绒，印花麦司林及各种印花产品。






电话：336892，336887 :تېلېفون نومۇرى

ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ
يولى 40 - نومۇر

邮编：830021 :پوچتا نومۇرى

地址：新疆乌市乌奇公路40号